
# يېڭى قاشتېشى

2

1982



دۆلەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ شۇچۇەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىن يىلڭ شۇلىڭلار ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىش ئورنى— يوتقان خارابە ئىزىنى كۆزدىن كەچۈردى.



بۇ نىيا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى نىيا قەدىمى شەھىرىنىڭ خارابە ئىزى. ئارخېئولوگلار بۇ جاي مىلادىنىڭ 3-ئەسىرگىچە بولغان جىڭ گونىڭ ئەسلى ئورنى مۇشۇ دەپ پەرەز قىلماقتا.



نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ ئىشىككە ئويۇلغان ئويما. ئويمىنىڭ يۇقۇرى قىسمىدا ئادەم ۋە پىلىنىڭ رەسىمى بار. تۆۋەن قىسمىغا قاناتلىق جانۋارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن. نەقىشلىرى كۆركەم، ئوبرازى جانلىق، بۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قول ھۈنەر ۋە گۈزەل سەنئەت ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى ھەر دەرىجىلىك رەھبىري ئورگانلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە تولۇق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆرگەزمىسىنى ئاچتى.

1981-يىلى 10-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 1982-يىلى 4-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى 16 580 ئادەم قېتىمغا يەتتى. كۆرگەزمىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەرلىك ئاھالىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراشتا بولغان كۆز قارىشى كۈچەيدى. ئامما ئۆزلىكىدىن تەقدىم قىلغان ياكى سېتىپ بەرگەن ھەرخىل ماددىي نەرسىلەر، ئاسارە-ئەتىقە بۇيۇملىرى نەچچە ئون خىلدىن ئېشىپ كەتتى.

# يېڭى قاشتېشى



(پەسىللىك ئەدەبىي ژورنال)

(تۆتىنچى يىل نەشرى)

خوتەن مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» تەھرىر ھەيئىتى تۈزدى

يېڭى قاشتېشى 1982 - يىل 2-سان
(پەسىللىك ژورنال) (4-يىل نەشرى، ئومۇمى 12-سان)

# بۇ سانىدا

خەلقىمىزنىڭ بەختىگە، يۈزمىڭ ياشاڭ پارتىيە (خەلق قوشاقلىرى) ........ 1
ئوغلاق تارتىش ........ (ھېكايە) ........ ئۆمەر ئىمىن 2
چاقىرىق مەدھىيە ........ (شېئىر) ........ مەمەت ھاشىم قارىم 11
خىتاپ ........ (" ") ........ داموللا ئابدۇۋەلى يۈسۈپ 13
ئىككى غەزەل ........ (" ") ........ مەتتۇرسۇن نەمەتۇللا 13
ياش دوستۇمغا ........ (" ") ........ ئابدۇللا ناسىر 14
ھەۋەسكارغا ........ (" ") ........ مەمتىمىن ئەخمەت 14
گۈل ھەققىدە لىرىكا ........ (" ") ........ ئەسقەر مەمتىمىن 15
رادىيو ئالدىدا ........ (" ") ........ ھاشىم مەڭنىياز 15
روبائىيلار ........ (" ") ........ رۇزى سايىت 16
تۆيۈقلار ........ (" ") ........ مەمەتئەيسا قۇربان 21
بىكار ........ (" ") ........ تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم 21
ئىككى شېئىر ........ (" ") ........ جاپپار رەخىم 22
يېڭى لەقەم ........ (ھېكايە) ........ مەمتىمىن ئابدۇۋەلى 23
مېھرىۋاننىڭ ھېكايىسى ........ (داستان) ........ ئابدۇللا سۇلايمان 26
سابا كەلدى ........ (شېئىر) ........ ئابدۇللا مەمتىمىن 38
ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلايلى ........ (ماقالا) ........ ئابدۇلەھمەت يۈسۈفى 39
چاپالىق ئىزدىنىش - مول ئىجادىي مېۋە ........ (ماقالا) ........ 46
مامۇت زايىت شېئىرلىرىدىن ........ (شېئىر) ........ 48
مەزلۇملار ئاھى ........ (كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن) ........ دىلبەر دورغا 54
ئەرزنامە ........ (" ") ........ موللا نىياز 58
ئىككى شېئىر ........ (خوتەن ھەققىدە ناخشىلار) ........ ئابدىرېھىم سىدىق 60
شېئىرلار ........ (" ") ........ توختاش بەكرى 61
ئىككى يۇرت ئىشقى ........ (" ") ........ تومۇر ئىزدىز... 61
يۇرتۇم ........ (" ") ........ ئىدرىس مەتسىيىت 62
شېئىرلار ........ (شېئىر) ........ مەمتىمىن بارى 63
ئۇچراشتىم ........ (" ") ........ ئابدىغېنى سىيىت 64
شائىرغا ........ (" ") ........ ئابدۇللا مەتقۇربان 65
ئولاچى ........ (" ") ........ تۇرسۇنمەت ھۆسەيىن 66
ئىككى شېئىر ........ (" ") ........ ئابدۇللا كىرەم 66
قىتئەلەر ........ (" ") ........ مەمتىمىن توختى 67
ئاق ئاسلان ........ (ھېكايە) ........ مەھەممەت رۇزى 68
پادىشاھى ئادىل ........ (خەلق داستانى) ........ ئا. ئېلىم. سايىت تەييارلىغان 71
ئىككى شېئىر ........ (شېئىر) ........ ھىدايەت تۇردى 88
ئوقۇغۇچىلار شېئىرلىرىدىن ........ 89
ماراقكەش ........ (ھېكايە) ........ ئەركىن مەتتۇرسۇن 90
سىرتماق ........ (" ") ........ غالىپجان راخمان 90
داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ ........ (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى) ........ مەتتوختى ئەخمەت 91
ئەجايە يەنە سېنى شاگىخە يالىڭ يولداش ........ (شېئىر) ........ مەھەممەتجان 95
تولا يېتىمىز دەمەدىنىي يادىكارلىقلار كورگەزمىسى داۋاملىق ئېچىلماقتا رەجەپ يۈسۈپ 96

# خەلقىمىزنىڭ بەختىگە، يۈزمىڭ ياشاڭ پارتىيە

(خەلق قوشاقلىرى)

ھەشقى پېچەك ياماشتى،
تال باراڭلىق بوستانغا.
پارتىيىنى كۈيلىمەك،
سىغماس كۆرمىڭ داستانغا.

سۇ كېلىدۇ يىراقتىن،
تاغ بېشىدىن - بۇلاقتىن.
كومپارتىيە قۇتقازدى،
بىزنى دەرتتىن - پىراقتىن.

ئۇ ئېتىزمۇ ئۇسا ئىكەن،
بۇ ئېتىزمۇ ئۇسا ئىكەن،
بەختىمىزگە پارتىيە،
بۇرۇن كەلگەن بولسا ئىكەن.

قۇشلار ئۇچار ئاسماندا،
تايىنىپ جۈپ قاناتقا.
كومپارتىيە يەتكۈزدى،
بىزنى ئارزۇ - مۇراتقا.

خوتەن دەيدۇ ئىلچىنى،
گىلەم دەيدۇ زىلچىنى.
كومپارتىيە نۇر قۇياش،
كۈندۈز قىلدى كېچىنى.

بۇغداي تولدى خامانغا،
قوناق تولدى خامانغا.
شەپقەتچىمىز پارتىيە،
دەرمان بولدى ئارمانغا.

ئارقىدىكى قوناقنى،
تۈپ قالدۇرۇپ تاقلايمىز.
كومپارتىيە مېھرىنى،
ئۇنۇتمايمىز، ئاقلايمىز.

ھوددە ئالغان ئېتىزنى،
تۈجۈپىلەپ تېرىدۇق.
مەدەت بەرگەچ پارتىيە،
ھالال ئىشلەپ بېيىدۇق.

بۇغداي ئوخشىدى ئاي-ھاي،
قوناق ئوخشىدى ئاي-ھاي.
پارتىيە يولى بىلەن،
چامدايمىز پەقەت ھارماي.

ئاينى كۈنگە قاتلايمىز،
ئىشلەيمىز، شۈك ياتمايمىز.
پارتىيىگە ئەگەشسەك،
ھەرگىز زىيان تارتمايمىز.

ئۇماچ، زاغرا يىمەيمىز،
غەم - قايغۇنى بىلمەيمىز.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
يۇرتىمىزنى گۈللەيمىز.

بانكىدا بار پۇلىمىز،
ئېغىلدا بار قويىمىز.
باشلىغاچ پارتىيە،
بولدى مەشرەپ، تويىمىز.

بۇلاق سۈيى سۈزۈك سۇ،
مايسىلارغا جان بەرگەن.
كومپارتىيە ئەمەسمۇ،
بىزگە ئىمكان، شان بەرگەن؟

بىزنىڭ باغدا ئوخشىدى،
ئالما، ئانار ھەم بېيە.
ھەممىمىزنىڭ بەختىگە،
يۈزمىڭ ياشاڭ پارتىيە!




(ھېكايە)

ئومەر ئىمىن

ئوتتۇرا ياش بىر كىشى بېشى كېسىلگەن ئوغلاقنى توپلىشىپ تۇرغان ئاتلىق يىگىتلەر ئارىسىغا تاشلىشى بىلەن، ئاتلىقلار ئۇپۇر-دۇپۇر قىلىشىپ، ئۆزئارا تارتىشقىلى باشلىدى. ئەتراپتا ۋاراڭ-چۇرۇڭ، ئىسقىرىق شاۋقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى.

"ئەنە، ئالا ئاتلىق كىشى ئېلىپ قاچتى!"

تاماشىبىنلار قىزغىن چاۋاك چېلىشماقتا، ئوشاق باللار باش كىيىملىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ جېنىنىڭ بېرىچە يۈگرەشمەكتە...

ئوغلاقچىلار ئالا ئاتلىقنى قوغلاپ چېپىشماقتا، ئالا ئاتلىق بولسا ئوغلاقنى چاتىرىغا قىسىۋېلىپ ھېچكىمگە تارتتۇرماي، پەللىگە ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تېزلىگى شۇنچە ئىلدامكى، گويا ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، دېسەكمۇ بولىدۇ.

مانا بۇلار پارتىيىنىڭ يېڭى يېزا سىياسەتلىرى بەرگەن كۈچ-قۇدرەت تېپىپ، ھالال مېھنىتى بىلەن باي بولۇۋاتقان كۆڭلى شات كىشىلەر. ئىقبال يولى ئېچىلىش بىلەن تەڭ روھى ئۇرغۇپ، ئىشتىياق بىلەن ئىشلەپ، ئۆز ھالال تەرىنىڭ ئەجرىدە يايراپ، پارتىيىگە بولغان مىننەتدارلىق تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلىۋاتقان، بۈگۈندىن كۆڭلى تىنغان، ئەرتىسىگە كۆزى يەتكەن بەختىيار دېخانلار...

ئەنە، ئۇلارمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. كىشىلەر توپى ئىچىدە يەنە شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئالا ئاتلىق كىشىنىڭ ئات ئۈستىدىكى ئاجايىپ ماھىرلىغىنى دېمەيلا قوياي!

ئۇ، ئاخىرى ئوغلاقنى تارتتۇرۇۋەتمەي پەللىگە كېلىپ توختىدى. ھەممە ئۇنى قىزغىن چاۋاك ھەم خۇشاللىق ئاۋازلىرى بىلەن تەبرىكلەشمەكتە.

ئىگىز بەستلىك، ساقال بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغان، كەڭ گەۋدىلىك، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بۇ قامەتلىك كىشىنىڭ ئېتى بىر كىشنەش بىلەنلا ئالدى ئىككى پۇتىنى يەردىن بىراقلا ئۈزۈپ تىك بولدى. ئۇنىڭ يۈگەن تىزگىنىنى ئوڭ تەرەپكە كۈچەپ تارتىپ، خۇددى قەغەز ئۈستىدە سىركول ئايلاندۇرغاندەك ئاتنى «پىررىدە» پىقىرىتىشلىرى ھەممىنىڭ زوق-ھەۋىسىنى قوزغىدى. قالدى چەۋەندازلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ھالدا جەم بولۇشۇپ، ئۆز ئارا بىر نەرسىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، كەنت تەرەپكە قاراپ ئاتلىرىنى قويۇۋېتىشتى.

بۇ ماھىر ئوغلاقچى كىمكىنە؟ مەن ئۆزەمنى يول ياقىسىغا ئېلىپ، ئالا ئاتلىقنى

تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كۆز تىكىپ تۇراتتىم. ھەش-پەش دېگىچە ئۇ مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ بولدى. «ھەي، بۇ ماڭا تونۇش ئادەمغۇ!» دېگەن بىر ئوي خىيالىمدىن چاقماق تېزلىگىدە كېزىپ ئۆتتى. قولۇمنى كۆتۈرۈپ بىر نېمە دېمەكچى بولغىنىمدا، ئۈچقۇر ئات ئۇنى مەندىن خېلىلا يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

× ×

كېچە خېلى بىر ۋاقىتچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ھېلىقى ئالا ئاتلىق كىشىنىڭ چىرايى خىيال ئېكرانىمدا ئاستا-ئاستا گەۋدىلىنىپ، ئۇنىڭ بۇندىن يەتتە يىللار ئىلگىرىكى ئەھۋالى كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

...1975-يىلى، دېكابىر ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، ھاۋا سوغۇق، قار ئۇچقۇنلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچۇشماقتا. گۇڭشې ئويۇشتۇرغان «لۇشيەن تەربىيە خىزمىتى» گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن ئون نەچچە كىشى «دوڭۋاغ» دادۈيىگە قاراپ يول ئالدۇق.

بىز «دوڭۋاغ» دادۈيىگە كېلە-كەلمەيلا دۈي كادىرلىرى ۋە ئامما ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان يىغىندىن بىرنى چاقىردۇق. «لۇشيەن تەربىيە» خىزمەت دۈيىگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەن ئا. جۇرېن ئىسىملىك كىشى (ئۇ بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن بىزنىڭ گۇڭشېگە يوتكەپ كېلىنگەن-ئۇستۇرۇلگەن كادىر ئىدى، بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتۇق. شۇڭا، «ئا. جۇرېن» دەپلا چاقىراتتۇق) ھەركەتنىڭ مەقسىدى، نىزامىلىرىنى تەنتەنە بىلەن جاكالاپ ئۆتتى.

يىغىن مەيدانى خېلىلا سۈرلۈك تۈس ئالغان بولۇپ، كىشىلەر جىم-جىم ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئىش جوزىسى ئۈستىدىكى كىرسىن چىراق نۇرىدا ھەممە يىلەنگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. قاپاقلار تۈرۈلۈك، چىرايلار سولغۇن ئىدى. گۇرۇپپا مەسئۇلىمىز: «...خۇسۇسىغا قارشى تۇرۇش، كاپىتالىزم تىرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، دەرھال ئىش باشلاپ، قالدۇرۇق يەر، باغ، ئۆي ئورنى قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۈچتىن ئارتۇق چارۋىسى بارلارلارنىڭ "ئارتۇق" چارۋىسىنى يىغىۋېلىش، ھەممە ئىشەك ھارۋىلىرىنى دۈيگە شەرتسىز ئۆتكۈزۈۋېلىش» ھەققىدە ئۇنلۇك-ئۇنلۇك قىلىپ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن: «كوللېكتىپ باشقۇرغان كەسىپىي كارخانىلاردىن باشقا ھەرقانداق شەخسنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسىپىي بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇلمايدىغان...» لىغى ھەققىدىكى «بەلگىلىمە»، «ئىنتىزام»نى جاكالىدى. بۇ چاغدا يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

توخۇ چىللىمىغان چاغ.

«ئەڭ ئالىي يوليورۇق» بىلەن باشلىنىدىغان ئىشقا چىللاش سىگنالى-قول كارنىيى توختىماي ۋاقىرىماقتا. ھېچنەرسىنى پەرق ئېتىپ بولمايدىغان كېچە قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىن ئىرىنچەك گەۋدىلەر بىر-بىرلەپ ئاجرىلىپ چىقماقتا...

مەن ئېتىز بېشىدا تۇرۇپ، ئىشقا كېلىۋاتقان ئەزالارغا سەپ سالدىم: ئەزالار قېلىن قومغا پاتقان توۋىغىنى ئاران يۆتكەپ مېڭىۋاتقان ئورۇق ئاتتەك ناھايىتى ئاستا قەدەم تاشلايتتى.

بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، «سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتۇپ» كاپىتالىستىك خاھىشلارغا زەربە بېرىپ، «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى»نىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى راسا بىر تونۇتماقچى، بولۇپ ئىشنى ئالدى بىلەن چارۋا يىغىشتىن باشلىدۇق. بۇ دادۈيدىكى سەككىز ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ھەممىسىدە بىرلا ۋاقىتتا باشلانغان «ئارتۇق چارۋا» يىغىۋېلىش ئىشى دادۈي «جەڭگىۋار دۈي»نىڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا بىر كۈن ئىچىدىلا «غەلىبىلىك» تاماملاندى. كىم بىلسۇن ھايال ئۆتمەستىنلا دادۈي ئىشخانىسى

يىغا-زارە قىلىپ ئەھۋال ئېيتقۇچىلار بىلەن لىق تولۇپ كەتتى.

—جېنىم زۇجاڭ، —دېدى ئىگىز، ئورۇق، قارامتۇلغىنە بىر كىشى باشقىلارنىڭ ئالدىغىراق سىلجىپ ئوتۇپ، —بىز دېخانخەخ مال بىلەنلا كوكلەيدىكەنمىز، كېيىم-كېچەك دېگەنغۇ يامىسا تۇرىدىغان نەرسىكەن، قوساقنى ياماپ قويغىلى بولمايدىكەن، چوڭلارغۇ چىدايدىكەنمىز، ئۇششاق بالىلار ئاچلىققا چىدىيالمايدىكەن...

—سەن نېمە دېمەكچى؟ —دېدى باشلىغىمىز ئۇنىڭغا كوز قىرى بىلەن قاراپ.

—كېچىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بىر قويۇمنى ياندۇرۇۋېتىپ بېرىشكە ئىلتىماس قىلسىلا؟

—نېمە؟! —باشلىق ئورنىدىن تىك تۇرۇپ كەتتى-دە، قولىنى شىمىنىڭ يانچۇغىغا سالغاچ ئۆكتىسىنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشتى ۋە —بۇ بىر سىياسەت، بۇنىڭغا چىش ھەڭگايتسىڭىز ياخشى بولماس-ھە!، —دېدى.

—ئاش-ئوزۇق...

—ئاش-ئوزۇق، نېمە ئاش-ئوزۇق؟، —دېدى باشلىق كوزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، —ئاچ قوساق بولساڭ كەتمىنىڭنى بەكراق چاپ؛ ئىشقا سەھەر چىقىپ، كەچ قايت، مانا بۇ ئاش-ئوزۇق ھەل قىلىشنىڭ چارىسى.

—ئاڭغىچە ...دەپ سوز قوشماقچى بولدى دەرتمەنلەردىن بىرسى، بىراق باشلىق گەپنى كەستى:

—ئاڭغىچە نېمىتى؟ سىلەرنىڭ بىر غەرەزىڭلار بارغا ئوخشىمامدۇ؟!

—يوقسۇ، بىزنىڭ نېمە غەرىزىمىز بولاتتى غوجام، پۈتۈن دادۇي بويىچە ئالدىمىز توت ئايلىقتىن، كەينىمىز ئىككى ئايلىقتىن نورمىنى ئالدىغا يەپ بوپتىمىز، دولەتتىن قەرز بېرىدىغان ئاشلىققا نەق پۇل تولىمىسەك تېخى بولمىسا، مېلىمىزدىن ئايرىلساق قانداق تىرىكچىلىك قىلارمىز؟ -دېيىشتى كوپچىلىك ئارىسىدىكى قېرىلار.

—ئويۇڭلەردە قالغان چارۋىنى خالىغانچە سېتىۋېرىڭلار.

—نورمىنى ئوغۇتقا، نومۇرغا چاچمىمىز دېيىشمىدىلىمۇ؟ —دەپ سوراق قويدى ئاق چاچلىق بىر ئايال. باشلىقنىڭ تەرى بىر ئاز ئوچۈپ، تەلەتىنى رەسمى بۇزدى:

—پىكىر-تەلەپلىرىڭ بولسا گۇڭشې ئىنقىلاۋىي كومىتېتىغا بېرىش، بىزنىڭ يۇقۇرىنىڭ يوليورۇغىنى ئىجرا قىلىش ھەققىمىز باركى، ئۇنى ئوزگەرتىش ھوقۇقىمىز يوق!

—راست ھەل قىلغىلى بولماسنا؟ يېنىشلاپ سوئال قويدى قارامتۇل كىشى، باشلىققا ئورىداپ كەتكەن كوزىنى نەشتەرزەدەك تىكىپ.

—بولمايدۇ، دېدىم بولمايدۇ.

جوزا ئۈستىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان قەغەز ۋاراقلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتقان، دادۇينىڭ ياش سېكرېتارى ئىساق، بىزنىڭ باشلىقنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ مۇنداق دېدى:

—ئايۇپ توگىچى، سىز يامان ئادەملەرگە ئېچىنتقۇ-پاكى بولماڭھە! ھەرھالدا، «ئۇچۇشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەي» پۇشايمان يەپ قالماڭ يەنە!...

ئۇمىدسىزلەنگەن ئەزالار بىردىن، ئىككىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئويدە ئاخىرى ھېلىقى «توگىچى» لەقەملىك ئايۇپ ئاكىلا قالدى. ئۇنىڭ كوزىدىن يالاپ چۈشكەن مۇنچاقتەك ئىككى تامچە ياش مەڭزىنى بويلاپ، بۇرۇن توشىگى يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ، تانا پىتەك ئىنچىكە بېلىگە بوش كېلىپ قالغان كونا پوتىسىنى بىر ئاز چىڭىتىۋالدى-دە، ئوز يەلكىسىنى ئوزى باشقۇرالمىغاندەك بىر-ئىككى قەدەمنى ئارقىغا داجىپ باسقاندىن كېيىن بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، بىردەم تۇرۇۋالدى. كېيىن بېشىنى توۋەن سالغىنىچە چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشخانا قوروسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئمشخانىدا ئەندى ھېلىقى سېكرېتار بىلەن بىزنىڭ باشلىق ۋەمەنلا قالدۇق.

ــ ئايۇپ دىگەننىڭ گەۋگىسىنى بېسىپلا تۇرمىسا ھوكقوپۇردىغان نىمە جــۇمۇ!ــدىدى ئېساق. بىزنىڭ باشلىقنىڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىۋېتىپ،ــھەدىسىلا كادىرنىڭ يېغىردىنى كولاشقا ئۇستا، بۇندا قلارنىڭ هاراكىتىنى تېخى بۇگۇن ـ ئەتە كورىسىز.

ــ بۇ، كاپىتالىزىم كۇچلىرىنىڭ قايتۇرما هۇجۇمى. مۇندا قلار تېخى پۇرواپتاردىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تەمىنى تېتىپ كورمىدى، ئامبۇرنى پــەيدىن ـ پەي قىسىمىز،ــدىدى باشلىق ئوك قولىنىڭ بارماقلىرىنى ئاستا جەم قىلىپ، چىڭ تۇگۇلگەن مۇشتۇمىنى سىلكىپ قويدى. باشلىق بىلەن سېكرېتارنىڭ غــەلىتى ئاۋازدىكى كۇلكىسى ئمشخانىنى بىر ئالدى.

x x

بىز «ئامبۇر» نى تەدرىجى قىسىشقا باشلىدۇق. ئىككى كۇندىن كېيىن تايانچ ئاكتىپلار يىغىنى چاقىرىپ، ئەزالارنىڭ كوكتات يەر، ئوي، باغ ئورنىغا گۇك سېلىپ، بوش بىكار يەرلەردىن ئوزلەشتۇرۇپ كېڭە يتىلگەن «ئارتۇق» يەر ۋە ئۇنىڭ ئۇستىدىكى جىرىم پىردىلىرىنى قوشۇپ كوللىكتىپكە ئوتكۇزۇۋېلىشنى باشلىدۇق، يېرى قايتۇرۇۋېلىنغانلارنىڭ بەزىلىرى يالۋۇرۇپ، پەريات كوتۇرۇپ يىغلىسا، بەزىلىرى خۇددى يۇرىگى سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك لەسىدە بولۇپ، تــۇرغان يېرىدەھاڭۋېقىپ قېتىپ قالاتتى ياكى قــەغەزدەك بوشاپ قىرىېشىدا «زوككىدە» ئولتۇرۇپ قالاتتى.

«سىنىپىي كۇرەش» تۇتۇلغانسېرى، «كاپىتالىزىم كۇچلىرى» ۋە «كاپىتالىستىك خاھىش» قا، قارشى كۇرەش ئەۋجىگە چىققانسېرى دىخانلارنىڭ ئىشقا مېڭىش قەدــىمى تېزلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىنچە، يــىلتىزى كېسىلگەن مايسىدەك سۇلىشىپ، كېــەلمەنلەر ئاۋۇپ، ئىشقا چىققانلار مۇ كۇن ئوتكۇزۇشنىڭ كويىدىلا بولدى. يازلىق يىغىمدا مەھسۇلاتنىڭ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 26 پىرسەنت كېمەيگەنلىكى مەلۇم بولدى.

خىزمەت دۇيىمىز «تەجرىبە ـ ساۋاقلار» نى يەكۇنلەپ، يازلىق مەھسۇلاتنىڭ كېمەيگەن قىسمىنى كۇزلۇك مەھسۇلاتتىن تولدۇرۇۋېلىش ئۇچۇن بارلىق ئەمگەك كۇچلىرىنى ئېتىزغا تولۇق هازىر قىلىش، كېسەللەرنى زەمبىلدە كوتۇرۇپ، قېرىلارنىڭ قولتۇقىدىن يولەپ بولسىمۇ ئمش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىش، يېپ ئىگىرىدــش چاخلىرىدىن تاكى كەيىم ماشىنىسىغىچە ھەممىنى پېچەتلەشنى قارار قىلىپ، يەنە بىر قېتىم جىۋۋا تاراقشىتتۇق.

قىزىل يەڭ بەلگۇلىك كىشىلەر «مۇقەددەس» ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۇچۇن، تەرەپتەرەپكە، ئايىغى ـ ئايىغا تەگمەي چاپماقتا. پېچەتلىنىدىغىنى پېچەتلىنىپ، يىغىلىدىغىنى يىغىلىپ بولدى. ئەندىلىكتە بولسا، «يوشۇرۇن كۇچ» لارمىنېڭلار ئالدىدا ئېتىز تەرەپكە ھەيدەپ كېلىنمەكتە. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تىنىماي يوتۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ۋە قېرىلىقتا ئېگىشىپ ماڭالمايۋاتقان موماي لار، يەنە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىراق ھاسا تايىنىۋالغان ئايۇپ ئاكىدەك ياش كې



شىلەرمۇ بار.

بىزنىڭ باشلىق ھەممىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئايۇپ ئاكىدىن سورىدى:

— سېنىڭ قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ؟

— يانپىشىم.

— نىمە بولغان؟

— ئۆگزىدىن يىقىلغان بانى بولغان.

— دوختۇرغا كۆرۈنمىدىڭمۇ؟

— كۆرۈندۈم، دورى، ئوكۇل بەردى، مەنپەئەت قىلمىدى.

— ئۇنىڭدا قىتا بۇ ئىدىيە كېسەلكەندە؟!

ئايۇپ ئاكا، ئۈن چىقماي قىرغا يانپاشلاپ ياتقىنىچە تەلپىكىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، يانتەرەپكە قارىۋالدى.

— سەن نەچچە جان؟

— توت بالا، ئەر-خوتۇن بولۇپ جەمى ئالتە جان.

— تەمىنلىشىڭلار بارمۇ-يوق؟

— بار.

— نەچچە؟

ئازغىنا كەم ئالتە يۈز ئوتتۇز يۈەن دېگەندەك قىلىدىغۇ.

— ئالتە يۈز ئوتتۇز يۈەن ؟!— باشلىق ئاغزىنى ئومچىكلىتىپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— بۇنى قانداق تولەيسەن؟

— ئىشلەپ تولەيمەن.

— قاچان؟

— ئۆلگىچە بىر قىلىتىم.

بۇ سوز باشلىقنىڭ ئابرويىغا مۇخالىپ كەلدىمۇ- نىمە، تەرىنى غۇچچىدە تۈردى-دە، تەددى بىلەن ئېيتتى:

ھارامزادە، بۇرنۇڭنىڭ بېزىنى ئالىدىغان نەرسىكە نەسەن— جۇمۇ! ئايۇپ ئاكا قىردىن گەۋدىسىنى لىككىدە كوتەردى-دە، يېنىدا تۇرغان ھاساتايىغىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئالىدىغانىنى ئېلىپ بولدۇڭلار، ئەر-خوتۇن، كېچە-كۈندۈز پۈشتەك-موللاق ئېتىپ كوپىراتسىيىنىڭ ئېتىزىدا تەر ئاققۇزۇپ ئىشلەپتىمىز، دېخانىنىڭ ئىشى يەر تېرىماق، باغ ياسىماق ئىكەن، بىكار تۇرغان يارەندى يەرنى ئېچىپ سالغان ئۈچيۈز يەتمىش توپ قەلەمچىمىز بىر ئوبدان كوكلىمگەنتى. ئۇنى قۇمۇرۇپ كەلدىڭلار، يۇمۇرەشنى بىلىپ تىكىشنى بىلمەي، سۇينى قاچۇرۇپ، نۇرغۇن كوچەتلەرنى ئوچاققا ئوتۇن قىلىۋەتتىڭلار، ئارقىدىن، قېينئاتامنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ ئاز-تولا پۇل چاپلاپ بېرىشى بىلەن ئورە قىلغان ئىشەك ھارۋىمىزنى تارتىپ كەلدىڭلار، سىلەر لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ بارغىلى كەلدۇق، دېگىنچە ئەزالارنىڭ يۈرۈگىنى سۇغىرىۋالغىلى كەلدۇق، دېسەڭلار بولمامدۇ!؟

ئايۇپ ئاكىنىڭ يىغلامسىراپ ئېيتقان سوزىنى ئاڭلىغان ياش-قېرى، ئەر-ئايال ھەممىسى ئىشنى توختۇتۇپ يېقىنلاپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كوزلىرىدە ئايۇپ ئاكىنىڭ سوزىدىن رازىمەن بولغانلىق ئالامەتلىرى جىلۋىلىنەتتى.

— مانا قاراڭلار، كوپچۇلۇك!— دېدى باشلىقىمىز ئايۇپ ئاكىغا قولىنى چىنەپ تۇرۇپ،— ھەركەت بىلەن ئۇچچۇقتىن-ئوچۇق قارشىلاشقۇچى «ئەكسىلئىنقىلاپچى»دىن بىرسى ھازىر ئوزىنى ئاشكارىلىدى... بۇگۇندىن باشلاپ دادۇيدە مەسىلە تاپشۇرۇپ، ھېچ كىشى بىلەن ئالاقە قىلىشمايدۇ.

شۇ كۇنى كەچتە ئايۇپ ئاكىنىڭ ئايىلى مەرەجەمخان قولتۇغىدا كىگىز ۋە كورپە-كىچەك، توت، بەشتەك زاغرا ناننى چەككەن بوخچىنى كوتەرگەن ھالدا توت بالىسىنى ئەگەشتۇرۇپ، دادۇي دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كوزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئولتۇرشۇپ كەتكەن، چوڭى سەككىز ياش، كىچىگى ئىككى ياشتىكى بۇ بالىنىڭ كوز يېشى كىرىپ كەتكەن يۇمۇلاق يۈزىدە ئاپپاق شور ئىزناسى قالدۇرۇپتۇ. كىيىملىرى

جۇل-جۇل، تىلما-تىلما بولۇپ كەتكەن ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقاقلىرى قەدەم ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ پۇتىغا پۇتلىشىپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھالىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر پەرزەنت ئىگىسى ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماي تۇرالمايدۇ.

مەرەمخان توت ئەترا پىغا قاراپ ئاڭگىراپ، ھاڭۋېقىپ قالدى.

—كىمنى ئىزدەيلا؟—ئاستا سورىدىم ئۇنىڭدىن.

—باللىمنىڭ دادىسىنى،—دېدى ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

—ئاۋۇ ئامبارنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىغۇ—دەيمەن—، دېدىم ئۇنىڭغا مۇلايىملىق بىلەن.

ئايۇپ ئاكا باللىرىنى بىر-بىرلەپ قۇچىغىغا ئېلىپ، ئېڭەكلىرىنى ئېڭەكلىرىگە يېقىپ سۆيدى. باللار دادىسىنىڭ قۇچىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغا-زارى قىلىشقا باشلىدى. ئىچىم سىرىلىپ، كۆز چاناقلىرىمدا ياشلار ئەگىشكە باشلاپ، تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. كەينىمگە ئاستا يېنىپ كەتتىم.

ھەپتىدىن كېيىن ئايۇپ ئاكا «قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش» بىلەن قويۇۋېتىلدى.

دېھقانلارنىڭ تاپقان-تەرگەن ۋەجىنى يىلمۇ-يىل كەمەيگەن مەھسۇلات تۆپە يىلىدىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىق لەھىڭى يۇتۇۋېتىپ كەتتى. ئايۇپ ئاكىمۇ ئەنە شۇنداق دېھقانلارنىڭ بىرى. ئۇ، كوپىراتسىيەلىشىشتىن تارتىپ تاكى كۈچ-مادارى كەتكەن كۈنلەرگە قەدەر ئېتىزدا ئەمگەك ناخشىلىرىنى توۋلاپ يەڭ تۇرۇپ ئىشلىگەن، ئۆزىنىڭ خۇشخۇيى، ئەمگەكچانلىقى بىلەن مەن-مەن دېگەن قىز-چوكانلارنىڭ مەيلىنى قوزغاپ، «مىڭنىڭ ئىچىدىن بىرنى» تاللاپ، قاپقارا قاشلىق، ئۇزۇن چاچلىق، تال-تال توكۇلۇپ تۇرغان كىرپىكلىرى يۈزىگە سايە تاشلاپ، بولاقتەك كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، لېكىن ئىش-ئەمگەكتە ۋاي دېمەيدىغان مەرەمخان

بىلەن ئۆمۈرلۈك تۇرمۇش قۇرغان.

مانا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەر-خوتۇننى بىرىگە چەمبەر-چەس چېتىپ تۇرىدىغان يىلتىز سۈپىتىدە ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنتلەر، ئەمدىلا سېرىق توكىنى تاشلىغان كەپتەر باچكىسىدەك، رەسمىي ئىشتىھا غا كىرگەندە ئاشنان ئۇلار ئۇچۇن تۇتىيا بولۇپ، كۈن بويى يېرىم تويۇنۇش بىلەن يۈرمەمدۇ؟! مېھرىلىك ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنمىدى؟!

مەن شۇلارنى ئويلىغىنىمدا بۇ ئائىلىگە بولغان بىرخىل خەير-خاھلىق ھىسسىم قوزغىلاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر مېنىڭ قەلبىمدە ئەڭ قەدىناس دوستلارقا تارىدىن ئورۇن ئالدى. كېيىنكى بىر مەزگىلدە ئۇلار بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەت مەڭگۈ ئۆزۈۋالماس كوڭۇل رىشتىسىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. خىزمەت ئايا قلىشىپ قايتىش ۋاقتىمدا يېنىمدا ئېشىنغان بىرقانچە جىڭ ئاشلىق بېلەتى بىلەن ئازراق پۇلنى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئالقىنىغا قويغىنىمدا، ئۇ، كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ: «پارتىيىنىڭ سىزدەك كويۇمچان، مېھرىۋان كادىرلىرىمۇ بارىكەندە، سىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايمىز، خەير-يولداش! »دەپ ئىشىك ئالدىدا قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزۇتۇپ قالغان ئىدى.

ئارىدىن توپ-توغرا يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇجەرياندا دولەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. خەلق تۇرمۇشى باياشات بولۇپ، تەشنا گۈل-چېچەك سۇغا قېنىپ، ئۆزرەڭگىگە قايتقاندەك، خەلقنىڭ كوز-قارنى يەمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە تويدى. مال-سىزلارماللىق، ھەتتاكى ھارۋىلىق، ئاتلىق بولۇپ قالدى. بىزگە تونۇش ئايۇپ ئاكىمۇ مانا بۇگۈن ئارغىماقتەك ئالا-ئاتقا مىنىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن كوڭلى پەرشان چېغىمدا بىرگە بولغان، بۇگۈن شاتلانغاندا قۇچاقلىشىپ كورۇشسەك، بۇنداق چاغدىكي خوشال-

لىقنى نىمىگە تەڭ قىلىش مۇمكىن!؟

باش توخۇنىڭ چىللىشى بىلەن خىياللىمەدىن يىغىلدىم-دە، ياستۇقتىن يېرىم كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گەۋدەمنى ئاستا ياستۇققا تاشلىدىم.

يەكشەنبە، چايدىن كېيىن ئۇزغلاق بەيگىسى مەيدانىغا ھەممىدىن بۇرۇنلا كېلىپ ئايۇپ ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ قالارمەن، دېگەن ئۈمىتتە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇراتتىم، دېگەندەكلا شەھەر تەرەپتىن يەتتە-سەككىز ئاتلىق چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتقان ئالا ئاتلىق كىشى ئات ئۈستىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى. ئۇلار سۆگەت بوستانلىققا كېلىپ توختىدى ۋە ئاتلىرىنى قاڭقايتىپ قويۇشۇپ، ئېرىق لېۋىگە كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى.

مەن يېقىنلاپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئاق بادام دوپپىلىق كىشى دەل ئايۇپ ئاكىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن خېلىلا ئۆزگىرىپ كەتكەن: سەمرىپ قوناق سېلىپ، چىرايىدىكى قارامتۇللۇقنىڭ ئورنىنى قىزىللىق ئىگىلىگەن، بۇرۇنقى يىلتىزدەك بويۇنلىرىغا گۆش تولۇپ، ئاپپاق دىچۇلىياڭ كۆينىكىنىڭ ياقىسىغا چىپپىمۇ-چىپ كەلگەن، شاپ بۇرۇتى چىرايلىق ياسالغان، ئاۋاز، تەلەپپۇزلىرىمۇ باشقىچە ئىدى.

—سىز ئايۇپ ئاكام ئەمەسمۇ؟

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىنچىلاپ قارىۋالغاندىن كېيىن دەس تۇردى-دە، ئېرىقنىڭ بوقىتىغا سەكرەپ ئۆتۈپ قولۇمنى ئىككى ئالقىنىدا ئامبۇردەك سىقىپ تۇرۇپ:

—ھوي، سىلە ھېلىقى ئابدىمىجىت ئەمەسمۇ؟

بىز قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ كەتتۇق. مەن كۆلۈمسىرىگەن پېتىم «شۇنداق» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتىم.

—مانا قاراڭلا!—دېدى ئۇ، ئېرىق بويىدىكىلەرگە مېنى كۆرسىتىپ،—بۇ مېنىڭ كادىر ئاغىنەم. ھەممە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ مەن بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى؛ بىز مۇشۇ بىرقانچە يىللار ئىچىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرىمىزنى ھەم يېقىنقى يىللاردىكى شاتلىقلىرىمىزنى، قىسقىسى ھەممىنى ئەسلەشكە، سۆزلۈشۈشكە ئۈلگۈردۇق.

ئۇزاق ئۆتمەي ئوغلاق بەيگىسى باشلاندى.

ئايۇپ ئاكا يەنە «ئوق» بولۇپ چىقتى. ئۇ قايتىش ۋاقتىدا چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئەتىلا ئۆيىگە چىقىشىمنى قايتا-قايتا جېكىلىدى-دە، ئۇزاپ كەتتى.

x x

ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن يېزا مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. بىپايان ئېكىنزارلىقتىن گۈل-گىيالارنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ، بۈك-باراقسان باغلاردىن كېلىۋاتقان كاككۇك ئاۋازى، ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى سۇلارنىڭ شارقىراشلىرى كىشى قەلبىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ؛ يان يوللارنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاق يىپەك لىنتىدەك ئۇزۇن-ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان تاشيوللار، مەھەللە كوچىسىدا ئاغزىغالىق سۇ تولدۇرۇۋالغان ئۆشتاق بالىلارنىڭ بىر-بىرىنى قوغلىشىپ يۈگرەشلىرى، رەت-رەت سېلىنغان ئازادە ھويلىلىق ئۆيلەر، سېمىز چارۋا، توخۇ-توشقانلار، ئېتىزلاردىن كېلىۋاتقان خۇشخۇي ئەمگەك ناخشا سادالىرى—بۈگۈنكى يېزا ھاياتىنىڭ ئەينى كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ كۆرۈنۈش ھەربىر يۈرەكتە پارتىيىمىزنىڭ يېزا سىياسىتىگە نىسبەتەن سۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى قوزغىماي قالمايدۇ!

مەن مەھەللىگە كىرىپلا ئايۇپ ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ، ئۆستەڭ بويىدا ئات سۇغۇرۇۋاتقان ئىكەن. مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇنىيەت بىلەن يەلكەمگە قولىنى تاشلىغىنىچە ئۆيىگە باشلاپ كەلدى.

ئىلگىرىكى 4 فۇڭغا بەتتەيدىغان قىستاق

تامىلىق ئىچىدىكى كونا يانتۇق ئىككى ئېغىزلىق ئۆي، بىر ئېغىزلىق پاسا ۋەدىكلىك ئېغىل، بىر-ئىككى تۈپ ئۆرۈك-ئۈزۈمە كوچەتلىردىن باشقا ھېساتى يوق ئايۇپ ئاكىنىڭ بۈگۈن مانا بىر مو توتفۇڭغا يېقىن يەرنىڭ ئەتراپىغا قېلىن چىتلىق تام سوقۇپ، چورىسىگە ئىككى رەت قىلىپ سېلىنغان قارا تېرەك چىرىدىلىرى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك تەپ-تەكشى كۆكلەپتۇ، ئاپپاق، كەڭ قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن كىرىشىم بىلەن ئۈزۈم بېدىشلىرى ئوراپ تۇرغان شىپاگىلىق ئۆي، تامىلىرى ئاپپاق ئاقارتىلىپ، دەرىزىلىرى چاچرەڭ سىر بىلەن سىرلانغان، تال تۈپلىرى يېنىدىكى ئىككى يېرىم فۇڭ چامىسىدىكى ئۈزۈنچاق ئېتىزغا ھەرخىل گۈللەر تېرىلغان، خىلۋەت ھويلا كوزۈمگە چۈشتى.

ئۆيىنىڭ بىرسى زىلچە-گىلەم، ئەدىيال، تاۋار يوتقان-كورپە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق جاھازلار بىلەن لەققىدە تولدۇرۇلۇپ، مەخسۇس ياساپ، چىنىدەك پاكىزە تازىلاپ قويۇلغان. ئىككى كارۋات ئوتتۇرىسىغا ئەپچىلغىنا جايلاشتۇرۇلغان جوزا-جاۋەن ئۈستىگە سەككىز باغلىق ئىككى چايدان، گۈللۈك پەتنۇس ئۈستىگە چىرايلىق ئىككى جۈپ پىيالە دۈم كومتۇرۇلۇپ قويۇلغان. ئوتتۇرىدىراق بىر لوڭقىغا ھويلىدىكى گۈللەردىن سەرخىللىرىنى ئىلغاپ ئۈزۈپ، چىلاپ قويۇلغان، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى رەيھان گۈل ياپرىغى دىماققا خۇشخۇي ھىدىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ...

مەرەمخان ئاچا پىيالىلەرنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇپ سىنچاي قويدى. ئارقىدىنلا دەستىخان سېلىپ مەزىگە تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئايۇپ ئاكا بىلەن ئىككىمىز بىرىمىزدىن ئايرىلىشقاندىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىمىز: ھەققىدە يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ھالدا قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ سوزى قىزىقارلىق ھەم كۈلكۈلۈك ئىدى:

—ھەي!—دەيتتى ئۇ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ،—«باھار كەتكەندە بۇلبۇل سايرىماپتۇ» دىگەندەك، ئۇچاغلاردا كوڭۇل بىئارام، قورساق ئاچ، ھەۋەس بولسىمۇ مادار يوق ئىدى. شۇڭا كۈلكە-چاقچاق بىزدىن يىراق بولغان. سەيالكىدىن ئەچىقىپ ساپالغا، سورەمدىن ئەچىقىپ خامانغا قاتقىلى ئامراق، نىمە يىدىڭ، نىمە كەيدىڭ، ھالىڭ نىچۈك دىگىلى ئىنسان يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەندىلا بىلىگىنى رۇسلىساڭ، پېيىڭنى قىرقىغىلى تەييار، ئىشلىگەنىڭنىڭ يۈزى يوق، ئىشلىمىگەنىنىڭ قوسىغى توق ئاشۇ كۈنلەردە كىمنىڭمۇ ئىشلىگۈسى كەلسۇن!



گۈللۈكنىڭ ئاۋۇ يېقىمىدىكى كەڭ ئىككى ئېتىزغا بولسا، ئەنجۈر*، ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت... كوچەتلىرى تىكىلگەن. دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە شاخ-پۇتاقلىرىنى ئەركىن يېيىپ تۇرغان ياش نوتا ئۈژمىلەر پىشاي، دەپ قاپتۇ.

تېخى، ئۆيىنىڭ ئىچىنى دىسىمىز! ئىشىكلىرى پىشايۋانغا ئېچىلىپ ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان ئىككى ئېغىزلىق

شۇڭا، — دېدى ئۇ، قوشۇمىسىنى چىملىك تۈرۈپ، — قولۇمغا ھاسا ئالدىم-دە، ئاقساق-توكۇر بولىۋالدىم.

مەندەكلەر كۈنىدىن - كۈنگە كۆپىيىۋالغانتى.... مانا ئەمدى بىز دېخان خەلقىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلدى، — دېدى ئۇ، مەرەمخان كوتىرىپ كىرگەن لەگەندىكى گوش بېسىلغان پولونى داستىخانغا قويۇۋېتىپ، — يېمەك-ئىچمەك، كېيىم-كېچەكنىڭ ھەممىسى تەل بولۇۋاتىدۇ، قوناق، زاغرا دېگەننى مال يەيدىغان، ئاقناننى بىز يەيدىغان بولدۇق، ئىلگىرى باشلىقلارنىڭ ئاغزىدىن «شاكپىن نوپۇس» دېگەننى كوپ ئاڭلايتتىم. مانا ھازىر بىزمۇ سىلەردەك شاكپىن نوپۇس بولۇپ قالدۇق.

مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزەمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم، مەنىلا ئەمەس ئايۇپ ئاكام ۋە مەرەمخان ئاچاملارمۇ شۇقەدەر قاتتىق كۈلۈشتۈككى، بۇ مېنىڭ ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن بېرىقى تۇنجى قېتىم كۈلكىسىگە ئورتاقلاشقىنىم ئىدى.

ئايۇپ ئاكاملار پەقەت تېرىقچىلىق يولى بىلەنلا ئەمەس بەلكى، يەنە قوشۇمچە ھۈنەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ.

مېھمانخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەينەكلىك يوروق ئۆيدە گىلەمدۇكىنى قۇرۇلغان بولۇپ، چىرايلىق رەڭدار يىپتا توقۇلۇۋاتقان كەلكۈن نۇسخىلىق گىلەم يېرىملىشاي، دەپ قاپتۇ. مەن قولۇم بىلەن تىۋىتلىرىنى ئاستا سىلاپ كوردۇم، تىۋىتلىرى پەس قىرقىلغان، ئاقاغ-ئۇرۇشلىرى چىملىك، قاتىرى ئونىيىردىن قىلىپ توقۇلغان تولۇق بەش گەز ئىكەن.

— ھۈنەرۋەن سالدىڭىزمۇ-نېمە؟ — دېدىمەن، گىلەمگە زوق بىلەن قاراپ.

— ھۈنەرۋەن ئۆيىمىزدە ئۇزكام، — دېدى ئايۇپ ئاكا، گىلەمدىكى قىلچا قىلارنى قول ئۇچى بىلەن تىرىپ تۇرۇپ، — مەرەمخان ئەسلى ئۇستا گىلەمچىنىڭ قىزى ئىدى. بۇنىڭغا دادىسىدىن قالغان نۇسقا مۇشۇ گىلەمچىلىك بولدى-بوغاي، مەرەمخانىمۇ توت بالىمىزغا ئۆگىتىپ، بالىلارمۇ بۇھۈنەرگە باشى بولۇپ كەتتى. مەكتەپتىن قايتىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئانىسىغا ھەمدەم بولۇپ گىلەم توقۇيدۇ.

— بۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئىشقۇ، گىلەم، ئەتلەسچىلىك بىزخوتەن خەلقىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى، بۇنى بىزلا ئۆگىنىپ قالماي، بەلكى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغىمۇ مىراس قالدۇرۇشىمىز لازىم.

بىز ئۆزمىزارلىق چىغىر يولدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇ، باشقۇرۇۋاتقان كۆزگى بۇغداي يېرىگە كەلدۇق. ئەمدىلا بوغۇم سۈرۈپ تەپ-تەكشى ئۆسۈۋاتقان ياپ-يېشىل مايسىلار مەيىن شامالدا ئىغاڭلىشاتتى.

— خۇدايىم بۇيرىسا، — دېدى ئۇ، بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى قولى بىلەن ئويناپ تۇرۇپ، — ھەرموسىمدىن يەتتە يۈز ئەللىك جىڭدىن ھوسۇل ئالارمەن، دەيدىغان ئۈمىدىم بار. شۇنداق بولغاندا ئەسلىدىكى ئوياچەمدىن ئېشىپ ئىككى مىڭ يەتتە يۈز جىڭ بۇغداي قۇرتتەك بىزگە قېپقالىدۇ. خۇدا ئۆمرىمىزنى بەرسە قازنىمىزمۇ ياغ، چۆمۈچىمىزمۇ ياغ بولۇپ كېتىدۇ.

ئايۇپ ئاكا ئېيىتقۇسىز دەرىجىدە خوشال ئىدى. ئۇ، كۆز يەتمەس كەڭرى ئېتىزلارلىققا قاراپ كوكرىكىنى ئىگىز كوتىرىپ تولدۇرۇپ نەپەس ئالاتتى...

مەن بۇقېتىم يېزىدا بولغان 6 سائەتتەك ۋاقىت ئىچىدە كوپلىگەن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، پاراڭلاشتىم، ئۆي ئىچى ۋەھويلا-ئاراملىرىنى كوزدىن كەچۈردۈم. ھەممە خوشال، كۆزلىرىدە ئۈمىت ۋە بەخت ئۇچقۇنلىرى چاقنايدۇ.

× ×

مەن ئايۇپ ئاكىلارنىڭكىدە مېھمان بولۇپ قايتقاندا، ئۇ مېنى مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مەن كېلىدىغان ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى بولىدىغان ئوغلاق تارتىشىشقا قاتنىشىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ، خوشلاشقان چېغىمدا، ئاسمان چىراقلىرى پىلىلداشقا باشلىغان ئىدى...

# چاقىرىق مەدھى

(ۋىلايىتىمىزدە چاقىرىلغان 2-قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سوھبەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن)

مەمەتھاشىم قارىم

قاتناشتىمەن ۋىلايەت يىغىنىغا بۇسەپەر،
ھەر-ھەر بەردىن يىغىلدۇق، جەمئىي سەكسەننەپەر.
بارچە ساھە-كەسپتىن تېپىلدۇ قارىسام،
پىكىر ئالماشتۇق، رەھبەرلىك بەردى دوكلات-خوشخەۋەر.
تەقدىم بولدى مۇكاپات ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرگە،
ئەدىپلەرنىڭ دىل بېغى ئېچىرە توشتى غۇنچىلەر.
بىلىۋالدىم بۇ قېتىم ئىجادىيەت ئەھلىگە—
توت ئاساسىي پىرىنسىپ ئىكەن مىزان، زەر، گۆھەر.
چاچ-ساقىلى ئاقارغان قېرى ئىدىم ياشاردىم،
ماڭا ھۆرمەت بېرىپتۇ كومپارتىيە—شۇ چەۋەر.
مەنلا ئەمەس، چېچىلغان قەلەمكەشنى جەم قىلىپ،
سىياسەتنىڭ نۇرىدا قىلدى شۇنداق موتىۋەر.
قولنى يۇدى پارتىيە، قولمۇ ئەمدى يۈزيۈغىن،
ئىلھام ئېلىپ يىغىندىن يازايلى بىز شام-سەھەر.
مىۋىلىك بول ئىي ئوغۇل شاختا مىۋەڭ ئازئىكەن،
قەلىمىڭنى بۇلبۇل قىل سۈچۈك تىلىدىن توكشېكەر.
قىسقا سوزلە قارىسەن، بول ئەدىپكە مۇشتەرى،
سەۋدىيەڭ چەكلىك سېنىڭ سوزىنى ئەيلە مۇختەسەر (1).

(1) مۇختەسەر: — ئىخچام.

# خىتاب

داموللا ئابدۇۋېلى يۈسۈپ

تەكەببۇر بولمىغىن ھەرگىز، يوقاتقىن ئىمتىيازىڭنى،
جېمى ئەل بىرلە ئوخشاش سەن، قوي ئەمدى ھەيۋە، نازىڭنى،
بۇرادەر، ياخشى ئويلاپ باق، بارار جايىڭ قارا تۇپراق،
ئۆزەڭنى كەمتەرىنراق تۇت، تۈزەت سەھۋە-خاتارىڭنى.
«بىلىملىك مەن» دېمە مەغرۇرلىنىپ سەن ئىلمىي زاھىرغا، (1)
كامال تاپقاندىمۇ تەرك ئەت، ئەمەس قىلىۋ-قالىڭنى، (2)
ئەگەرچەن ئەلسېنى «داموللا»، «ھەزرەت»، «ئاخۇنۇم» دەرلەر،
يۈدۈپ يۈرمە تەمەخورلۇق بىلەن بۇ «ئىپتىخار»ىڭنى.
«پالانچى ئوغلىدۇرمەن» دەپ نەسەبكە پۇركۈنۈپ ياتما،
كىشىنىڭ بەرگىنى باشقا، ئۆزەڭ تاپ نام-ئەمالىڭنى.
ئىگىز-پەسلىك تالاشماق-تەكتىدىن غەيرى، يامان ئىللەت،
يېتىشتۈر ياخشى ئەئمالدا داۋام ھۆرمەت-كامالىڭنى.
تەكەببۇرلۇق-ئاداۋەت ھەم نىزاھ پەيدا قىلار بىلگىن،
نەۋاقتقا ساقلىما قىچىسەن ھەسەت، جاڭجال، مۇرامىڭنى؟
چېقىش، چىشلەش، تالاشماق ئۆزئارا ھېچكىمگە نەپ بەرمەس،
ھەقىقەت كۆزلىگىن خۇپ ئوت، تۈگەت يالغان خۇمارىڭنى.
كالاچ، كەش، مەسە، تون، سەللە، ساقال-سامۇتلىرىڭ ياخشى،
ۋەلېكىن بارچىسى سولەت، ئۇ بەرمەيدۇ مۇرادىڭنى.
جاما ئەتلەرنى گول ئەتمە (3) كىتابىڭنى قىلىپ پەردە،
ھالالدۇ، يا ھارامدۇ تويغۇزۇپ يۈرمە قوساغىڭنى.
يېتەرلىكتۇر بۇسوز ئىخلاسى كامىل بولمىغانلارغا،
ساڭا مەنسۇپ بۇ ئەشئار ئەمدى تۇختاتتىم كالامىمنى،
پەقىر ئابدۇۋېلى داموللا يازدىڭچىن ھەقىقەتنى،
ئىشارەت ئەيلىدىڭ ئاقىلغا، يىغ ئەمدى زوۋانىڭنى.

---

(1) ئىلمىي زاھىر:- ئاشكارا ئىلىم، (باشقىلارنىڭ ئىلمىي توھپىسى)
(2) قىلىۋ-قال:-ۋەز- نەسىھەت سوزى.
(3) گول ئەتمە:- ئالدىما، ئەخمەق قىلما.

# ئىككى غەزەل

مەھەممەت تۇرسۇن نەمىتۇللا

## سەھەر

ئىپتىدا ھەركۈندە ئىشىنىڭ باشلىنىش پەيتى سەھەر،
ئەل ئۈچۈن پەرۋانىلەرگە يۈپ-يورۇق شەمئى سەھەر.

توخولار چىللاش بىلەن تەڭ باشلىنار قىزغىن ھايات،
سەن بىلەن يەلپۈنگۈسىدۇر گۈل-چېچەك بەرگى سەھەر.

كائىنات سەندىن ئالاركۈچ، ئويغۇنۇپ نازۇ ئۇيقىدىن،
كوزگە نۇر، دىللارغا دەرمان گۈل-باھار پەسلى سەھەر.

سەن ئېلىپ كەلگەن نىجاتلىق ئاپتىۋىلىك-نۇرۇڭ بىلەن،
يەنمۇ كۈلگەي چاراقلاپ ئەل-خەلق بەختى سەھەر.

بۇ ئۇمۇر چىراغى ياشلىق، كۈن ئىشى سەندىن كېلەر،
خۇش ناۋا پەيزىڭگە ئاشىق بۇلبۇلۇڭ قەلبى سەھەر.

تاكى جان چىققۇنچە تەندىن سايرىغىن خەندان ئۇرۇپ،
نىممەتى يەتتىمىڭ ۋىسالىغا قىل كۈرەش، ئەجرى، سەھەر.

## پۇرسەت

بۇگۈن ئەل كوڭلى شاتلىقتىن مىسالى گۈلباھار پۇرسەت،
ئىجادىلىك، توھپە-ئەجرىڭدىن جۇلالىق نۇرچاچار پۇرسەت.

زامانە ئالغا ئۇرلەشتە ئىلىم-پەن ئەھلىگە تەشنا،
ئورۇن يوق ئەجرى كورسەتمەس قۇرۇق سوزلەرگە تارپۇرسەت.

ئىلىم-پەن گۈل باھارىدا ئەجىر قىل، پەيتىنى مەھكەم تۇت،
ئىشىڭدا پۇختا ئىز باسساڭ ساڭا يار-ئىنتىزار پۇرسەت.

ھەمىشە ئاشنا بولساڭ كىتاپتەك كانى-ھىكمەتكە،
تاپارسەن موجىزە-بايلىق باھالىق ئەتىۋار پۇرسەت.

ئۆگەنسەڭ غۇنچە دەۋرىڭدىن بىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ،
كومۇلسەڭ گورگە ئولمەيسەن غورور ۋە ئىپتىخار پۇرسەت.

بىلىم ئەھلى گويا كوكتە نۇرانە چاقنىغان يۇلتۇز،
يىگىتلىك دەۋرىسدەك ئوتلۇق لاۋىلدار بىغۇبار پۇرسەت.

ئىلىم-پەن ساقىيى تۇتقان شارابىنى نىممەتى ئىچكەن،
غورورلان! ئەلگە باغۇەنسەن، ساڭا بۇبەختىيار پۇرسەت.

# ياش دوستۇمغا

ئابدۇللا ناسىر

دوستۇم ئۆگەن، ياشلىق چېغى قىممەتلىك،
تىرىش-تىرماش ئىلىم-پەننى ئىگەللە.
«ئوتكەن ئۆمۈر، ئاتقان ئوقتۇر» ئەستە تۇت،
كۆڭۈل بەڭۋاش-ئېقىل بىلەن يۈگەنلە.

كۈتۈپ تۇرماس بۈگۈن سىنى دەۋرىمىز،
سىنايدۇ بۈدەۋر ھەربىر ئىنسانىنى.
سەن قېرىدىسەن، ئەمما دەۋىر قېرىماس،
غەنىمەت بىل ياشلىقتىكى ئىمكانىنى.

ئويلا، دوستۇم نىمە ھايات مەنىسى،
ئاناۋەتەن كۈتەرسەندىن نىمىنى؟
يىگىت دەمدۇ خەلقچۈن تەرتوكمىسەك،
ئاتىمىساڭ ۋەتەن، ئەلگە جېنىڭنى.

باقتى ئاناڭ ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلدى،
قان-تەر توكۈپ قوشتى سېنى قاتارغا.
سەن باقماستىن ئاناڭ يەنە باقامدۇ،
ئايلىنامدۇ ئويۇڭدىكى چاكارغا؟

بۇجاھانغا مېھمانمۇسەن، چاقىرغان،
ئويناپ-كۈلۈپ، يەپ-ئىچىپلا ئوتەمسەن؟
مېھمان بولغان-مېھمان قىلار جاۋابەن،
سەن بوينىڭغا قەرزچىنگىپ كېتەمسەن؟

گۈزەل غۇنچىلاپ ئېچىلىمدۇ-توزۇيدۇ،
مايسا كوكلەپ، مېۋىلەيدۇ-قۇرۇيدۇ.
گەر بىلمىسە ئىنسان ياشلىق قەدرىنى
قېرىغانىدا تېرىغانىنى ئورايدۇ...

# ھەۋەسكارغا

مەمتىمىن ئەخمەت (خەلق قوشاقچىسى)

بولغىن يېڭى پىكىرلىك،
بول كۈرەشنىڭ ئۇچقۇنى.
ئېچىلمايدۇ قۇلۇپلار،
تاپالمىساڭ ئاچقۇنى.

شائىر دوستۇم، قەلىمىڭ،
تەگلەنمىسۇن ئاسمانغا.
يەنىلا سەن زىمىندە،
ھەممە پەس بول ئىنسانغا.

ماختىنىشنى دوست تۇتما،
پەيتىنى چىڭ تۇت، بوش تۇتما.

شېئىرغا ھەۋەس قىلغاندا،
ئۆزەڭنى بېھۇش تۇتما.

ئاز بولسىمۇ يازغىنىڭ،
چوڭقۇر بولسۇن مەنىسى.
بولالمىساڭ ئەشۇنداق،
يازماڭ تارىخ غەزىنىسى.

زىياللىقنى كۆيلىگىن،
قەلەمدىشىم ھەۋەسكار.
تۇت پىرىنسىپ ئۇلاچىمىلىق،
تاپ ئۈنۈمىدىن كۈچ-مادار.

# گۈل ھەققىدە لىرىكا

ئەسقەر مەمتىمىن

-1-

گۈل ھەققىدە لىرىكا يازسام،
گۈل خۇمارى دېمەڭلار مېنى.
ھايات بىغى ئۇتىسە رەناسىز،
شۇ ھاياتنىڭ قىممىتى قېنى؟

شۇڭا گۈلنى سۆيىمەن دىلدىن،
باغۋەننى بەك سۆيىمەن گۈلدىن.
مەن بىر غۇنچە، ئۇستازىم باغۋەن—
مېھرى بىلەن بال بىرەر تىلدىن.

بۇلبۇلى مەن بېغىم گۈلچىمەن،
گۈلگە ئاشىق قەلبىم، كۆيچىمەن.
ئىنجات گۈلۈم چاچسا خۇشپۇراق،
كۈلەر ئارزۇ، خۇشال شۇنچىمەن.

-2-

گۈزەل مەۋسۇم پەسلى باھار چاغ،
يارىم بىلەن ئارىلىدۇق باغ.
ئاسمان سۈزۈك خۇددى ئەينەكتەك،
(كۆرۈنمەيتتى پارچە بۇلۇت-داغ)

گۈلۈم-سىرەپ كۆرسىتىپ-ئەنە-
دېدى يارىم — قارىغىن گۈلگە.
مەن دېدىم:سەن تۇرساڭ قېشىمدا،
نىمە قىلاي قاراپمەن گۈلگە.؟

# رادىيو ئالدىدا

ھاشىم مەئمىنىياز

ھەر كۈنى ئىشتىن سىرت (چىۋىسىلا پۇرسەت)
رادىيو تىڭشىماق بوپقالدى ئادەت.
شۇڭىمۇ ئىچىلىپ كۆڭلۈم بولەكچە،
رايىمدا قالمىدى باشقىغا ھاجەت.

ئادىتىم ئەپكىلىپ بۈگۈنمۇ يەنە،
رادىيو قېشىغا بولغانىتىم ھازىر.
ياڭرىدى بىر جۇشقۇن ئاھاڭ دۇتتاردا،
سازەندە كىم دەمسىز، داۋۇتجان ناسىر.

دەم ئۆتمەي دىلىمدا ئىشتىياق قوزغاپ،
بۇلبۇلدەك سايرىدى پاشاخان ئىشان.
ناخشىسى ئەۋجىدىن يۈز ئاچتى شۇچاغ،
ھور«ئازات زامان»، پاھ، ئەتە — گۈل دەۋران.

بەزمىگە قوشۇلۇپ كويلىدى يەنە،
باھارىم شەنىنى رابى مۇھەممەت.
زەن قويۇپ تىڭشىدىم، ناخشا پەيزىدىن-
دىلىمغا تۇتاشتى ئۇتلۇق مۇھەببەت.

مۇقەددەس ھىكمەتلىك «راك» مۇقامىغا،
ھۇسەنجان چالدى شوخ بىر پەردە تەنبۇر.
سەزدىمەن ئۇزەمنى گۈلشەندە شۇ چاغ،
ھاياجان ئىلكىگە چۆمۈلدۈم چوڭقۇر.

بۇ سەپكە قېتىلدى تۇرسۇن قادىرى،
جەنۇپنىڭ خۇشناۋا بۇلبۇلى بولۇپ.
نۇرىگۈل، سالامەت، پاتەم قۇربانىنىڭ—
كۈيىدىن زوق ئالدىم، ئىلھامغا تولۇپ...

ئاڭلىتىش تۈگىدى، دېدىم: «سايراڭلار،
كويلەڭلەر دەۋرنىڭ باھار-يازىنى.
مەن ئەمەس، مىليونلار ئېيتىدۇ ئاپىرىن،
تېڭشىسا دىل سۆيگەن ناخشا سازىنى!...»

# روبائىلار

روزى سايىت

(1)

كىم شۇئارچى بولسا شېئىردا پىر ئەمەس،
بۇ ئومۇم بىلگەن ھەقىقەت، سىر ئەمەس.
شېئىردا ئوبرازلىق تەپەككۇر بولمىسا،
قاپىيىلەر تىزمىسى ئۇ، شېئىر ئەمەس.

×

ئەدىبلىك بۇرچىڭدۇر ئىجات ئەيلىمەك،
ئۇ يېڭى-يېڭىنى يارىتىش دېمەك.
تەپەككۇر دېڭىزى غەۋۋاسقا (1) موھتاج،
بۇنىڭسىز قىممەتلىك بۇلۇر لەيلىمەك.

×

زوق، ھەۋەس قوزغىسۇن يازغىنىڭ شائىر،
يازماڭدا چىنلىقنى ئەيلىگىن زاھىر (2).
«دىلدا بار تىلدا يوق» پىكىرنى كوتەر،
بولمىغىن ئوزگىنى دوراشقا ماھىر.

×

ھەييامدىن بۇ دۇنيا ئالغانتى سىناش،
ئەڭ قىيىن سوئالغا بەردى ئۇ چىداش.
«مىڭ يىللىق قېرىنتار نىمە؟...» دەپ ئىدى،
ئۇ دېدى: «مەن يازغان رۇبائى، ئاداش!».

×

سورىغاندا تەگرىدىن مۇسا،
دەپتىكەنمىش «نان، ئۈزۈم بولسا ؟ ...»
نانۇ-ئۈزۈم يارىلار تەردە،
قېنى ياران، ئىشلەيلى راسا.

×

بەزىلەر تۇرمۇشتىن بىكار دا تىلايدۇ،
ئوچ كورۇپ ئۇنىڭغا مۇرام ساقلايدۇ.
ئەي ياران، سىناپ باق كوڭلۇڭنى بېرىپ،
دىل بەرگەن كىشىنى ئۇھەم ياقلايدۇ.

×

ئومرۇمنىڭ دەرىخى يەڭلار ھامان،
تەن سېزىپ، سوڭەكىم چىرىپ تۈگەر ئان (3).
چىرىندام ئۇستىدە گۈل ئۈنسىمۇ خوپ،
قاقاسقا ئايلانسا؟... بۇنىسى يامان.

×

ئولگەندە جەسەدىم بولىدۇ تۇپراق،
ئۇنىڭدا گۈل ئۈنۈپ ئايرىدۇ ياپراق.
شۇ گۈلنى قولاققا قىسىدۇ قىزلار،
مەن ئۇچاغ كۈلىمەن شات، پاراق-پاراق...

×

قەپەزنى تەندىسەك كەكلىكنى بىرجان،
«كەتكۈلۈك...» دەيدۇ ئۇ سايرىغان ھامان.
«كەكلىك»سىز «قەپەز» نىڭ كېرىكى نىمە،
ئاڭغىچە ھوشۇڭنى تاپساڭچۇ ئىنسان؟!...

×

كىم كوردى تۇغۇلۇپ ئولمىگەنلىمنى،
«ياغاچ ئات» ئېپكەتتى گۈل بەدەنلىمنى.
«ئولۇش» تىن قورققانلارغا لدۇرسۇن مىراس،
ئۇنتۇيدۇ ئەل بۇنى بىلمىگەنلىمنى.

×

پاھ، ياشلىق ناخشىسى — ئاجايىپ غەزەل،
ئوقۇشنى بىلسە ئۇيىقىملىق، گۈزەل.
بۇرچىنى چۇشەنگەن توقۇيدۇ ئۇنى،
ئەكسىچە، ئومۇر كەتولەيدۇ بەدەل.

×

ياشلىقنىڭ قىسسى پۈتسە ئوقۇلۇپ،
كېتىدۇ ئومۇردىن بىر باپ يوقۇلۇپ.
شامالغا ئۇچمىسۇن بەتلىرىم دىسەڭ،
پەيتنى تۇت، گۈل ئاچقىن خۇشپۇراق بولۇپ.

---

(1) غەۋۋاس: سۇئاستىغا شۇڭغۇغۇچىلار. (2) زاھىر: ئاشكارىلاش. (3) ئان: ئاندىن (ئۇنىڭدىن) كېيىن.

×

بەختىڭنى بەرپا قىل ھالال تەر بىلەن،
پۈتمەيدۇ ئىنسانىنىڭ رىسقى«بەر» بىلەن.
ئەقلىنى ئىشلەتكىن ، زېھنىڭنى يۇگەرت،
«جەننەت»مۇ يارىلار ئىشچان ئەر بىلەن.

×

ئىنسانىنىڭ ئەقلىنى ئۆلچىمەيدۇ ياش.
ئەقىل-ئۇ، تىرىشچانكىشىگە يولداش.
ياشلىقتا ئۆگەنگىن، ئۇ قالار ئەستە،
مىسالى تاشقا موھۇر باسقانغا ئوخشاش.

×

تاڭ ئاتار، كۈن ئۆتەر ئۆزرېتى بىلەن،
كەلگەنلەركېتىدۇ نۆۋىتى بىلەن.
ۋەلېكىن ئۆلمەيدۇ ئىمبات، كەشپىيات،
ياشايدۇمەڭگۈلۈك ھورمىتى بىلەن.

(2)

بىزجاھانىنىڭ باغ-گۈلزارىدۇرمىز،
مەۋجۇداتنىڭ تاج-تۇمارىدۇرمىز.
ھايات تاجىنىڭ دىغى تەمەننا،
ئۇنىڭدىن كۆرمىڭ بىزارىدۇرمىز!.

×

چېچەك تۈزدي چىقارماي تىۋىش،
قالدۇردى ئۇ بەرگىدە يېمىش.
مىۋە بوپتۇ چېچەك توھپىسى،
مەنچۇ-ئىنسان، قىلدىم نىمە ئىش؟

×

مۈكچىيىپ بەل ئىگىلىپ تىزىم،
تەن بى قۇۋۋەت خۇراپتۇ سىزىم.
«كەينىڭگە باق؟» دىۋىدى ھايات،
باقسام، كۆلىمىز ئىكەن يول-ئىزىم.

×

قېرىپتىمەن ساقلىمىدا ئاق،
بىسات-مۈلكۈم بىرھاسا تاياق.
ئومرۇم: «توھپەڭ قانچە؟» دىۋىدى،
تەمتىرەتتى مېنى بۇسوراق...

×

يوگەپ غۇزەك قۇرت ئولدى جىم-جىم،
بۇھالەتتىن سىردىلدى ئىچىم.
ئۆز-ئۆزەمگە دىدىم «پىلە-قۇرت-
جۇر ئەتمگە يېتەرمۇ كۈچۈم؟؟!......»

×

شام ئاستىلاپ كويمەكتە ئېرىپ،
ھىساۋىغا يورۇقلۇق بېرىپ.
بولالىسام ئەشۇشامچىلىك،
شاتتىم ياتسام قەۋرەمگە كىرىپ...

×

يولنى بوۋاڭ ئاچسا باش بولۇپ،
يېپىتىلسا ئاتاڭ تاش بولۇپ.
سەن نەۋاقتا يۇردىسەن دوستۇم-
تەييارىغا شەيخ-شاش بولۇپ؟

×

يول ھەرقانچە بولسىمۇيىراق،
بىر پەللىسى بولىدۇ، بىراق-
سەن شۇيولدىن قانچىلىك ماڭدىڭ،
قويدىڭمىكىن ئۆزەڭگە سوراق؟

×

كىرگەن كىشى بارمۇمىڭ ياشقا،
ياشنى بولماس تۇتۇپ قاماشقا.
پۈرسەتنى تۇت، ئومۇرنى ئۇزارت،
تىرىشدوستۇم ئۇزاق ياشاشقا.

×

كېتەر كۈندە بىر كۈنلۈك ھايات،
يىللار باشلاپ كېلۇر «ياغاچ ئات».
قەدىرلىگىن مىنۇتنى ھەتتا،
ئۇزاق ياشاي-ئۆلمەي دىسەڭ پات.

×

تۇشقان توكۇپ دەيدىكەن: «ئاھۋاي،
ئەتەچوقۇم سالىمەن ساراي...»
ئەشۇتۇشقان مۇجەزى بىلەن،
بوشقاكەتتى پۈرسىتىم تالاي.

×

(3)

دىمىگىن «ئۆزنى بىل، ئۆزگىلەرنى قوي»
ئەل بىلەن تەڭكىرگەن جاپانى بىل توي.
بوۋىلار ئېيتقانكەن شۇنداق بىرسوزنى:
«بورەيەر توپىدىن ئايرىلغاندا قوي».

×

قۇم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل يىغىلسا باغ،
ئەل چېچىلسا نەم بولىدۇ- يۈرەكلىرى داغ.
بەش بارماقنى جەم قىلمىسا بولالمايدۇ مۇش،
ئىككى قوچقار ئۇسسۇشكەندە كۈلەر بۆرە، زاغ.

×

ياخشىلىق قىل، بولما ھەرگىز ئىش بۇزار،
بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار.
ياخشىلىقنى ئەل ئىشىدىن ئايىماڭ،
ئۇ پۇشايمان ئوغىسىنى يۇتقۇزار.

×

زېمىن ئۈستىگە قۇرۇلار مۇنار،
يىلتىزى بىلەن كۆكلەيدۇ چىنار.
نېمە تېرىسا شۇدۇر ئالىمىشى،
ھەرقانداق «ئۆتنە» ئۆزىگە يانار.

×

يۈز قىزارماق نومۇسنىڭ ئىشى،
بىلەر ئۇنى نومۇسچان كىشى.
ئەدەپ-ئەخلاق چۈشمەيدۇ كۆكتىن،
ئۇ ھەر كىمنىڭ ۋىجدانى ئىشى.

×

ئادەم ئەتسە تازىم ئەت،
تازىمىنىمۇ لازىم ئەت.
قىيا كۆزدە باقمىغىن،
كۆرمىگەنگە تەگدىمەت.

×

سالام بەرمەك ھۆرمەت ۋەجىدىن،
ئىلىك ئالماق-ساۋاپ ھەجىدىن.
ئويلىمىغىن سالامنى تازىم،
رىسىق سەندىن ئەمەس، پەنجىدىن!

×

ياغمىغان ياغمۇرغا چەكمەن يېپىنما،
ھاكاۋۇر، بەدخۇيغا باقما، بېقىنما.
ئىنساننىڭ ھۆرمىتى- غۇرۇرى بىلەن،
غۇرۇرسىز كىشىدە بولماس ئېقىلما!

(4)

دوستلۇرۇڭ دوست بولسۇن ھېساۋىڭ دۇرۇس،
ھېساپتىن بەك بولسۇن ئىنساۋىڭ دۇرۇس.
ئىنساپسىز دوستلۇقنىڭ ھېساۋى غەلەت،
ئۈستىنى سۇندۇرار پاراسۇ-پۇرۇس.

×

راستلىقى ئاز كىشىنىڭ دوستلىقى ئاز،
دوستلىرى ئاز كىشىنىڭ خوشلۇقى ئاز.
جاھانسازلىق قىلسا كىمكى يالغان سېتىپ،
كۆڭلىدە غەم، پۇت-قولىنىڭ بوشلۇقى ئاز.

×

ھەسەتخورنىڭ كۆڭلى خوش بولماس،
«جۇپ چوكا»دىن قولى بوش بولماس.
ئۇنداقلارنىڭ ھالى زەبۇنلۇق،
قانچە قىلسۇن نېنى قوش بولماس.

×

يالىڭاچ نەرسىنى كۆرەلەيدۇ كۆز،
بۇھالدا ئايان دۇر «ئەگرى» بىلەن «تۈز»،
نىقاپلىق ئەگرىنى كۆرەلەيدۇ كىم،
سىز ئويلاڭ، مەن دېمەي ئىككىنچى بىر سۆز...

×

بار ئىچ تارلىق كۆلگە تىكەندە،
ھوشيارلىقتا غەپلەت كۈشەندە.
تۇرغىن ئەي دوست غەپلەتتىن بىدار،
بولسا ئەل-يۇرت سۆيگۈسى سەندە.

×

تۆگە ئېيىتتى: «ئەي يانتاق ئاداش،
كەل ئۈستۈمگە بولۇۋال ھاپاش...»
«بىخۇتلۇغۇم...» دەپ قالدى يانتاق،
بولغىنىدا تۆگە پەيلى پاش.

×

بىخۇتلۇقنىڭ ئاخىرى بىر دەرت،
ئۇنىڭدىن كىم كۆرمەپتۇ زەخمەت.
بەس، شۇنچىلىك بولغىنى يېتەر،
تۇغۇلدۇقمۇ ئۇخلاشچۇن پەقەت؟!.

×

پالتۇ: «لازىم، — دېگەنتى. — بىرساپ؟»
غول، پۇتاقنى كۆردى ئاڭا باپ.
ھايال ئۆتمەي كېسىلدى ئۆزى،
قويغان ئۈچۈن پالتىنى ساپلاپ.

×

«بىر قېتىم كەسمەكچۈن ئۇلاچمىگىن يەتتە»
بۇنى سەن مىزان ئەت سوزدە، ھەر كەتتە.
ئەقىلنىڭ دۇشمىنى — ئالدىراڭغۇلۇق،
ئالدىراپ ئىش قىلساڭ قالىسەن دەرتتە.

×

قۇمۇشنى قىيا تۇتما — قولنى كېسسەن،
خاتاغا پۇت قويما — يولنى كېسسەن،
ئويلىماي سوزلىدىڭ، ئاغرىماي ئولدۇڭ،
شاتلىغىڭ گۇلىدىن غولنى كېسسەن.

×

كىم بەرسە ئەقلىنى ئاچچىقىغا يەتە،
ئەقلىنى يوقىتىپ بولىدۇ مەتە.
كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۇشمەن،
سەۋىرلىك غورىدىن ھالۋا يەر ئەتە.

×

«شەھەردە كوز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق»
بولمىسا، قەدەمدە تىنگەرشا پىلاق.
ھۇشيارلىق-بەختىيار ھايات مەنبەئى،
بىغەملىك — بۇرنۇڭدىن ئاققۇزار بۇلاق.

×

دوستۇڭدىن دۇشمىنىڭ مەككار، ئەي زېرەك،
خوشامەت كۆلكىسى شۇنىڭدىن دېرەك.
غاپىللىق ياستۇغى — ئەجەل سىرتمىغى،
«زېرەك» تىن زېرەكرەك بولمىغىڭ كېرەك!.

×

ئەگەر سەن ئۆزەڭنى ئويلىساڭ ئاز-پاز،
نەپسىڭنىڭ تىزگىنىنى ئەقىلغا تۇتقاز.
«يۈز نەدىن كېتىدۇ، گالدىن» ئەمەسمۇ،
بۇ بىزگە ئەڭ ياخشى ئىبرەتلىك مەجاز (1)

×

كەلدى نەدىن باشقا چۈشكەن كۆلپىتىڭ؟
نەسەۋەپتىن كەتتى ئىززەت-ھۆرمىتىڭ؟
باپ جاۋاپ تاپتىم ماقالدىن مەن ئاڭا:
«يېيىشىڭ پوق، قاغا بولغاچ ئۆلپىتىڭ».

×

بولسا ماڭا ھېكىم (2) لىق نېسىپ،
توزەر ئىدىم دۇنداق بىر رېتسىپ:
«كىبىرلىك جان ياشماس ئۇزاق،
ئاقۇۋىتى تۇگەشمەك سېسىپ».

×

ياپراق دەرەخ غولىغا قاراپ،
كىبىر ئەيلەپ ئۇرار ئىدى لاپ.
غولدىن ئاجراپ شامالغا ئۇچۇپ،
قىلدى پۇشمان بولغاندا خاراپ...

×

بىر زاماندا چۈمۈلە خانى،
يېڭىپتىكەن كىبىرلىك شاھنى.
چۈمۈلىدەك ھىممىتىڭ بولسۇن،
كەمتەر ياشا، قوي تەمەننانى.

×

دىمەڭلار ھەر ئىشنى «تەقدىر-ئىرادە»
ئىنسانىنىڭ ئىدىراكى ئاندىن زىيادە.
تەقدىرگە باش ئەگسە ئېيتىدۇ ئىشەك،
ئادەمچۇ، ئىشەكتىن ياسار شاھزادە.(3)

توخۇ تامغا چىقار پالاقشىپ،
لاچىن ئۇچار داۋاندىن ئېشىپ.
ئىجاتكارغا مۇھتاجدۇر زامان،
پالاقشىسىلا سانالماس كەشپ.

×

كوممۇنىزىم- ئىمارەت دېسەك،
پۈتمەيدۇ ئۇ بولمىسا كېسەك،
«كېسەك روھى» ئۇرمايدىكەن جۇش،
قوپمايدۇ تام قىلما بوڭاشەك.

×

چىقمىسىمۇ پەگادىن تورگە،
شۇنچە يېقىن قولغا سۇپۇرگە.

---

(1) مەجاز — قىلىقلاندۇرۇش، ئوخشىتىش. (2) ھېكىم — تەۋسىپ. (3) «خوجا نەسىردىن ھەققىدە قىسسە» دىگەن كىتاپتا، نەسىردىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدىراكى بىلەن ئىش كورۇپ، سۇر ئىشەكنى «مىسىرنىڭ ۋارىس شاھزادىسى» دەك كېيىندۇرگەن، دېيىلىدۇ.

بولسام ئىدى، قالمايتتى ئارمان،
سۆيۈرگىدەك خىسلەتكە ئىگە.

×

ھاۋانىڭ ھاۋانچە كۈچى بولىدۇ.
ئىنساننىڭ ئىنسانچە بۇرچى بولىدۇ.
ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلغۇچى،
ھەم كۈچلۈك ھەم زىرەك، نوچى بولىدۇ!

(5)

ئاتىلىق بۇرچى خاس پەرزەنت تېپىشمۇ،
ۋە ياكى تەربىيەت قىلىپ بېقىشمۇ.
ئەي خوشنام، بالىڭىز «خالتا كوچا» دا،
بۇ قانداق بولغىنى، مۇشۇمۇ ـ ۋۇ ئىشمۇ؟.

×

ئانامغا تاپشۇردۇم ئۇچرىغانتى پۇل،
ئۇ دېدى: «ۋاي رەھمەت كويۇمچان ئوغۇل.
يەنە تاپ، ماڭا بەر؟...» سېنىڭ شۇلەۋزىڭ،
قىلماسمۇ ئانىجان مېنى ئەگرى قول؟...

×

ئەۋرىشىم مىسالى بالىلىق ھايات،
مەيلىڭگە باقىدۇ سوزغىن ياكى تارت.
بۇ پەيتتە ئاتا ھەم ئانىنىڭ بۇرچى،
ساقلىماق غۇبارىدىن، بەرمەكلىك قانات.

×

ئۇنگە زىمۇز قاتمايدۇ بىر كۈندە ھەرگىز،
تاغلار مۇ بىر دەمدە بولمايدۇ ئىگىز.
سەن قانداق مۇقامغا دەسسەيدىكەنسەن،
پەرزەنتىڭ ئەشۇنداق باسار قەدەم ـ ئىز.

×

«قىيىساق قولقانات بولار بالىمىز»
دېمىسە باقامتى ئاتا ـ ئانىمىز.
مۇشتۇمچە تۇغۇلدۇق، ھالا بۈگۈندە ـ
ئارزۇغا جاۋابەن شۇمۇ ھالىمىز؟.

×

زاكىدىن يۇلقۇنۇپ تەلپۈندى بوۋاق،
ئايالىم «پە ـ پە» لەپ بەردى سۈت ـ تاماق.
بۇھالنى كۆرگەندە ئەسلەندى ئانام،
ئۇ ماڭا سۈت بەرگەن مەن قىلدىم قانداق؟

×

«ئاتامنىڭ نەزىرىنى بەردىم ئۆزگىچە»
شۇ سۆزنى بىرسىدىن ئاڭلىدىم كېچە.
ھەي ئەخمەق، ئاتاڭنىڭ ھاياتچىغىدا،
باقساڭچۇ شۇ پۇلدا، نەزىر قىلغىچە!

×

قاپىغىڭ ئىششىپتۇ، باغلىۋاپسەن ئاق،
ماتەمدار ھالەتتە يۈتكەيسەن ئاياق.
ئوغۇللۇق بۇرچۇڭنى ئويلىساڭ دوستۇم،
ئۆلگەندە ئاز يىغلاپ، تىرىكىدە باق.

×

يۈرمۇدۇم چۈشۈمدە ئاسمانغا چىقىپ،
ئويغۇمدا كۆردۈم مەن زېمىنگە بېقىپ:
دوزاقمۇ، جەننەتمۇ بار ئىكەن ئەنە
پاھ، بۇندا ئەركىنلىك، ئاھ، ئۇندا تەقىپ...

×

گەر شۇنداق كۈن كەلسە: ئاسماندۇم بولسا،
يۇلتۇزلار ئۈزۈلۈپ، زېمىن گۇم بولسا.
شۇندىمۇ ھېچ خەتەر يەتمەيدۇ بىزگە،
(«خەتەر» نىڭ ھالى بوش خەلق ئۆم بولسا!)

×

ياتقىچە زامانىنىڭ يولىنى توساپ،
قوپ ئىشلە ئىقبالغا قاراپ يول ياساپ.
بىلىپ قوي ئەل قۇدۇق قازماقتا، بىراق
يات قىينى، ساڭا يوق، كەتسەڭمۇ ئۇسساپ.

×

راھەتنىڭ قولۇبىن ئاچىدۇ مېھنەت،
ئىچىلسا شۇ قولۇپ، قاچىدۇ مېھنەت.
ئىلكىڭگە ئۆتكەندە زەپەر ئۆلكىسى،
ھەممىدىن ئۇنۇتما، قىلمىغىن مىننەت.

×

ھەر ئىشنىڭ باشلىنىش ـ دەسلىۋى قىيىن،
جاپاسى ئالدىدا راھىتى كېيىن.
كىمكى كورسەتمەي چىدام ئىجتىھاد،
تەلپۈنسە راھەتكە ئىشى بىرتەيىن!.

×

قاراڭلار، ئۆتمەكتە ئۆمۈر كارۋىنى،
يىللارنىڭ كەينىگە چېتىپ ھارۋىنى.
مۇنداقلا كەتمەيلى پۇرسەت غەنىمەت،
بىزدىنمۇ قالسۇنچۇ بىرەر نەپ، قىينى!

×

(7)

خۇشلۇقتىن ئىچتۇق بىز، رەنجىسە كىمزەھەم،
ئەشۇنداق ئىچتۇق بىز تىنىماي دەممۇ-دەم.
ئىچسە كىمۇ مەيلىدى ئەقلىمىز بىلەن،
ئېقىلنى رومكىغا تىگەشتۇق ھەردەم...

×

كەل، نىگار مىنىڭدەك ئۈلپەت بىلەن ئىچ،
ھايانى مىزان ئەت-ئىپپەت بىلەن ئىچ،
«ئاز-ئاز ئىچ، گاھ-گاھ ئىچ ھەم يۇشۇرۇن ئىچ»
ھەييامنىڭ سۆزى شۇ دىققەت بىلەن ئىچ.

×

كەل ياران بەدەشقان قىزرۇپ راۋېرۇس،
ئىچەيلى مىزانغا كەلتۇرۇپ دۇرۇس.
دەۋرىنىڭ سازىنى چالايلى ياڭراق،
ئۇسۇلغا جۆر بولسۇن ھەتتا تام-تۇرۇس.

×

ئەي دەۋىر ساقىسى قۇيغىن ماڭا مەي،
ئەي مۇرات دىلبىرى كۈلگىن، تەڭ كۈلەي.
ئەي زەپەر سازچىسى راۋابىڭنى چال،
شاتلىقتىن ئىچەي ھەم ئۇينىاي، ناخشا دەي...

×

ئاتتى تاڭ، چىقتى كۈن نۇرلىرى تاراپ،
ئويغاندۇق دىماقلار گۈل ھىدى پۇراپ.
بەختىمنىڭ مەيدىن ئوتلايلىچۇ، كەل،
تېخىمۇ ئۈز زامان-ئەتىگە قاراپ.

×

بولمىسىدى گەر «رۇبائىيات»
قالماس ئىدى ھەييامۇ ھايات.
ھىساپلانسا دوراشمۇ ھۈنەر،
مەنمۇ «ھەييام»، ئۆلۈم ماڭا يات!

1976—1981-يىللار، خوتەن.

# تۇيۇقلار

مەمەتئەيسا قۇربان

بولدۇم مەن بەيگە-گە ئاتلانغان بىر ئات،
ئەي خەلقىم ئۈستىمگە ئېغىر يۈكنى ئات.
ۋەتىنىمنىڭ بەختىگە ئەجرى تەر توكەي،
قويۇلسۇن شەرەپتىن ماڭا يېڭى ئات.

×

قوساقنى ئىسىدۇقالسا تاماق خام،
كۈچ بەرمەس تالانسا شوينا، ئارقان خام.
كىتاپخان قەلبىگە بىرەلمەس ھوزۇر،
شائىرنىڭ قولىدىن چىقسا شېئىر خام.

×

ئەگۆزنى سۇ دىمە ئاقسا «شېئىر» قىلىپ،
پىستىنى كورسەتمە باتۇر شېئىر قىلىپ.
ئۈندەشنىڭ ئۇچىغا مىنگەن شوئارنى،
خەلققە كورسەتمە «لىرىك شېئىر» قىلىپ.

# بەكار

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

چېۋك نىشاننى بويلىماي بىر ئىزدىلا «چاپقان» بەكار،
ھەم غۇلاچ ئاتماي سودا لەيلەپ، چوكۈپ ئاققان بەكار.

ئۇۋغا چىققان ئوۋچى بولسا بورە، ئاجۇ، تۈلكىنى-
قارىغا ئالماي، كىرچىنى ئالدىراپ تارتقان بەكار،

«ياقسا تۇتقايمۇ، ئوچاققا كىرىسە پىشقايمۇ...» بىلەن-
«ئۈزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ سايىدا ياتقان بەكار.

ۋەسلى جانانغا يېتەلمەس كىم قارارى بولمىسا،
نەق، ئەمەلدە ئىشلىمەي لاپتىن قوشاق قاتقان بىكار.
مەن بۇدەم ئاز كەپ قىلىپ كوپ ئىشلىمەك بولدۇم ياران،
سەنمۇ كەل بۇ سەپكە، پەيت كەتكۈزمە، بول چاققان، بىكار.

# ئىككى شېئىر

جاپپار رەھىم

## رۇبائىيلار

تىرىش ھارماي بىلىم ئالغىن قۇرۇق سوز قىلمىغىن ئىزھار،
جامائەت ئالدىدا «مەن» دەپ تەمەننا ئەيلىمە زىنھار.
بىلىم-زەر تاج، بىلىم-ئۇنۋان، بىراق ئۇ كىبىردىن بىزار،
خونۇكسەن «تاجۇ-ئۇنۋان»سىز بويۇنغا باغلىساڭ زۇننار.

× ×

خەلق سايلاپ ھوقۇق بەردى، ئېغىشماس ياخشى كادىر بول،
خەلق ئۈچۈن ئىشلىمەك پۈتمەس شەرەپ، خىزمەتكە ھازىر بول.
خەلقنىڭ غەمگۈزارى سەن جاپا - مۇشكۈلگە تەييار تۇر،
كوتەرمەككە ئېغىر يۈكنى پولات مۇسكۇل باھادىر بول.

× ×

## تۇيۇقلار

ئىزدىمەك يازماقنى سەن سوزكانىدىن دۇردانە تەر،
قاينا تۇرمۇش قاينىمىدا ئاققۇزۇپ ساپ ئۈنچە تەر.
شۇندىلا يار- دوستلىرىڭ ئەجرىڭگە تەھسىن ئەيلىگەي،
ئىش-ئىجادىڭ بېغىغا ئەڭ- ئەڭ ئېسىل گۈللەرنى تەر.

× ×

دەۋر بىز قىلدى نىدا: «تۇرگىن كۈرەشكە يەڭ» دېدى،
«ئىشلىگەن غەيرەت بىلەن مۇشكۈل- جاپانى يەڭ»-، دېدى
«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» غان ئادىل پىرىنسىپ ھىكمىتى،
«تەگلىمەي تەييارغا قول، ئىشلەپ ھالالدىن يەڭ» دېدى.

× ×

دوستلىرىڭ دېسە: «يۈزۈڭدە بار قارا»
دېمىگىن: «يوق مەندە ئۇ، كەتتىم قارا»
داغنى يوق قىلماقچى بولساڭ ئەۋۋەلەن،
رەنجىمەي مەردانە ئەينەككە قارا...



(ھېكايە)

مەمتىمىن ئابدۇۋېلى

يېقىندا ئىدارىمىزدىكى ھاشىم ئاخۇننىڭ ئەسلىدىكى لەقىمىگە يەنە «تەخسە» دېگەن لەقەم قوشۇلدى. بۇ لەقەمنى قوشۇپ قويغان ئىشچىلارنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق گەپلەر بار ئىدى: «يولداشلار، تەخسىكەشلىكنى ئاددى چاغلىماڭلار، ھەرقانداق ئادەم ئۇنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدۇ، قاملاشتۇرۇپ قىلالايدىغانلار بولسا ئىنتايىن ئاز. شۇنداق بولىشىغا قارىماي بۇھونەرنى پەقەت بىزنىڭ ھاشىم ئاخۇنلا تەرەققى قىلدۇرۇشتا كامالەتكە يەتتى».

ئۇ «تەخسىكەش» دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن ئىكەن، «شان-شەرىپى» كۆمۈلۈپ قالسا، ئۇۋال بولۇپ قالىدىغۇ، دەپ ئويلاپ بۇھېكايىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

قېپىشقاندەك، گەپنى دەل ئۇنىڭ ئەڭ ئۆچ نەرسىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئامال؟ ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئادىتى بولغاندەك، مېنىڭمۇ ئۆز ئالدىمغا ئادىتىم بار-دە.

ھاشىم ئاخۇن ئادەتتە، ھاراققا بەك ئۆچ ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئاللا تائالاغا ۋە ئۇنىڭ ئىمانلىرىغا بەك ئىخلاس قىلاتتى. ھاراق توغرىسىدا گەپ بولسىلا، گازىردەك كۆزلىرى چەكچەيگەن، كاپكازلىقنىڭكىدەك ئۇزۇن قايرىما بۇرۇتلىرى تىترىگەن ھالدا:

— ھاراق دېگەن شەيتان سۈيدۈگى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ پاسىق نەرسە، كىمكى ئۇنى ئىچسە 72 پۈشتى بىلەن قوشۇلۇپ ئەھلى دەۋزىخى بولىدۇ! — دەيتتى. ھەرپەيشەنبە ئىسى ئىدارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى 3-كورپۇس ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيىدىن سوزۇپ ئېيتىلغان قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ ئۆي — ئۇنىڭ ئۆيى ئىدى. ئەمما، ئەجەپلىنەرلىكى — يېقىنىڭىياغى، پات-پات يەنە تەڭ كېچىلەر كېچە ئەشۇ ئۆيىدىن تەخسە ۋە ھاراق رومكىلىرىنىڭ جاراڭ-جۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. غىلجىڭلاپ ئېيتىلغان بەت-بەشىرە ناخشىلار، ھاياسىز كۈلكىلەر، بەت قىلىقلارنىڭ ئۇپۇر-دۇپۇرلىرى كېچىنىڭ سۈزۈلۈشىغا ئەگىشىپ، بارغانسىرى ئەۋجىلەپ، جىمجىت تۈن قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، خېلى يېراقلارغىچە يېرىپ توختايتتى. شۇچاغدا، بۇ يات ئاۋازلاردىن ئۇيقۇسى قاچقان خوشنىلار:

— نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى بۇ ئېپلاسلار، خۇدا قاچانمۇ كۆزدىن يوقىتۇرەركىن؟... دەيتتى.

ئۇنداقتا، ھاشىماخۇن بەتخەج ئوخشىمامدۇ؟ ياق! ئۇ، تۇرمۇشتا بەك تېجەشلىك ئىدى. ئۇ، يازكۈنلىرى ئالا بولغان غۇراسىلىپ ئەتىكەن سۈيىقاشقا ئامراق بولۇپ، ھەركۈنى 10 پۇڭغا

40 تال غورا ئېلىپ، خوتۇنىغا سۇيقاش ئەتتۈرۈپ ئىچەتتى. ئاڭلاشلاردىن قارىغاندا، غورا ئالا بولۇشقا باشلاپ، تاكى ئۈزۈك پىشىپ بولغىچە ھەركۈنى 40 تال غورا سېتىۋالسىمۇ، لېكىن، يانچۇقىدىن چىقىم بولغان پۇل — دەسلەپتە چىقارغان 10 فوڭلا ئىكەن. ئۇمۇ شۇ 10 فوڭنى دەسمايە قىلىپ، ئەتىدە سېلەپ ئالغان 40 تال غورىنى ئاش پىشقاندىن كېيىن، ئىككى بالا، ئەر-خوتۇن ئۆزقاچىلىرىغا ساناپ ئۈلەشۈيدىكەن-دە، ئۇكىچىسىنى ساناپ تاپشۇرۇۋالىدىكەن. بۇنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ئەلبەتتە، ھاشىم ئاخۇن ئۆزى مەسئۇل بولىدىكەن. ئەگەر بىرەر بالىسى دىۋەڭلىك قىلىپ بىرەر تال ئۇكىچىنى چېقىپ يەۋالدىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك ئالىيىپ:

—ھۇ، جاھاننى دەم تارتىدىغان ئەژدىرھا شۇمتەك!— دەيدىكەن-دە، كۆز تارتقۇچ بىلەن گۆدەك بالىنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىغا قاس قويىدىكەن. شۇنداق قىلىپ قازانغا نەچچە غورا كىرگەن بولسا، شۇنچە ئۇكىچە چېقىپ، ھاشىم ئاخۇننىڭ نازارىتى ئاستىدا چېقىلىدىكەن. ئاندىن بالىلىرى تەرىپىدىن يەنە 10 فوڭغا سېتىلىدىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئېيىغا بىر قوي ئۆلتۈرۈلۈپ كاۋاپ سېلىناتتى. شۇنداق كۈنلەردە ئۇ ھەرنىمە قىلىپ، ئىدارىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئۆيىگە چاقىراتتى-دە، چوڭ-چوڭ پېقىۋاتقان مېھمانلارغا ئارقا-ئارقىدىن:

— ئالسىلا، ئالسىلا، ھەي، تائۇستىلىق، خام بولۇپ قالغانمىكىن؟... ھەي خوتۇن، چاي دەملەڭلار،... ياق، يەنە، يەنە بىر ئاز ئالسىلا، گاراخشىتىپ قويسا قېتىق بار، قېنى، قېتىقنى ئاچىقىڭلار،... ئالسىلا، ئالسىلا، ئازراق،...— دەيتتى. بۇنداق چاغلاردا يوتقاندىن ئىككى بالىسىنىڭ كاۋاپنىڭ مىزدىلىك پۇرىغىدا تامىغى غىدىقلىنىپ، ئۇخلىيالماي ياتقان ئەسنەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇشى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم، ئەلۋەتتە.

ئىدارىنىڭ ساپلا قولاق، چېقىر كۆزمۇئاۋىن باشلىقى ئۆيىدىن «توخۇ سۈتى»دىن ئۆزگىسى تېپىلىدىغان، چىرايلىق، بوغما خوتۇنى بار بۇ ئادەمگە ھەممىدىن ئامراق ئىدى.

مۇئاۋىن باشلىق ھەرھەپتىنىڭ 3 ئاخشىمىدا ئۇنىڭ ئۆيىدە بولاتتى. ھاراق ئىچىش، كاۋاپ يېيىشتىن باشقا، نىمە ئىش قىلىدىغانلىقى، نىمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەتىسى ھاشىم ئاخۇن باشقىچە بىر تەكەببۇرانە غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى-دە، ئۇنى-بۇنى باناقىلىپ، ئۇچرىغاننى تالايتتى. كەلسە-كەلمەس ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. (چۈنكى، ئۇمۇ يېقىندىن بۇيان كىچىك بىر باشلىق بولىۋالدى) ئاندىن پۈتۈن ئىدارىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئايلىنىپ، ھەممە يەرنى چالا قويماي ئالاپ، قولىغا چىققانچىسىنى ئۆيىگە توشۇيتتى. ئۇنىڭ 360 كۈن قىلىدىغان ئىشىنىڭ تەگىدىن يېرىمى دىگىدەك ئەنە شۇنداق ئىشلار ئىدى.

بىر كۈنى بۇنىڭدىن قوسىغى كۆپكەن ئىشچىلار دات ئېيتىپ، ھېلىقى باشلىقنىڭ ئالدىغا باردى.

—نىمە غەۋغا؟— دىدى باشلىق ۋاقىراپ،—جەمىيەت ئەمدىلا تېچلىنىۋاتسا، يەنە تەشكىلنىڭ ھۆلىنى كولاشمۇ؟ ئىسيان كۆتىرىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى!...

باشلىق يەنە بىر قانچە قېتىملىق يىغىندا، ئىشچىلارغا تەشكىل بىلەن ھەپىلەشمەسلىك توغرىسىدا ۋەزنى خېلى ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئاگاھ بەردى. «تەشكىل»نىڭ، «قانۇن»نىڭ نوپۇزىنى قوغداش يۈزىسىدىن ھاشىم ئاخۇننى تازا كۆتىرىپ، ئىشچىلارنىڭ داۋاسىنى قانائەتلەنمەرلىك دەرىجىدە بېسىپ قويدى. ئىشچىلار بىر داۋلىنى چۈشىنىۋالدى: ھاشىم ئاخۇن— ئەسلىدە بىر ئادەملا ئەمەس بەلكى، تەشكىلمۇ ئىكەن. راست، ھازىر، تەشكىلنىڭ ئۈستىدە غەۋغا كۆتىرىپ، ئىلگىرىكى ئاپەتلىك يىللارنى دوراشقا بولمايتتى.

شۇندىن كېيىن، ئىشچىلار بۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىغىنىڭ ئالدىغا بېرىشمىدى. لېكىن، ئۆز ئالدىغا ئاچچىق غۇل- غۇلا قىلىشا تتى.

— مۇئاۋىن باشلىق «هاشىم تەخسە» گە نىمە ئۈچۈن شۇنچە يان باسىدىغاندۇ؟

— هەي، نىمىسىنى دەيسىلەر؟ شۇڭا هاشىمنىڭ لەقىمى تەخسە ئەمەسمۇ؟ هەپتىسىگە 7-8 بوتۇلكا پىچە تىلىك هارىغى، سۇغۇماي تۇرىدىغان كاۋىپى بار-دە!

— ياق، دىدى ئوتتىزرا ياشلىق بىر ئىشچى، — هاراق دىگەن هەممە يلەننىڭ ئۆيىدىن تېپىلمىدىغۇ؟ هەرقايسىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسىمۇ، بىر-ئىككى رومكا هاراقنى ئاياپ ئولتۇرامتۇق؟ مېنىڭچە، گەپ باشقا يەردە،

— هە، قېنى ئاڭلايلى.

— گېپىڭنىڭ ئايىغىنى دەۋەتمەمسە؟

— هۇش!... جىم! — بىرسىنىڭ ئىسقىرتىشى بىلەن تەڭ ئۇلار توختىشىپ قالدى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە هاشىم ئاخۇن كېلىۋاتاتتى.

ئىشچىلار دەرهال تارقىلىپ كېتىشتى...

× ×

ئۇزۇن ئۆتمەي مۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى: بىر كۈنى كەچتە هاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىدە يەنە ئولتۇرۇش بولدى. بۇ قېتىمقىسى بەك مەخپى بولدىمۇ، ئانچە كوپ ئادەم سەزەلمەي قالدى. ئىدارىنىڭ بىر ئىشچىسى مۆھىم بىر ئىش بىلەن باشلىقنى ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى، ئەمما، تاپالمىدى. بىر ئاز گۇمان قىلىۋاتاق هاشىم ئاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىۋىدى، باشلىقنىڭ ئۆزىنى توختۇتالماي كۆلىۋاتقان خىقىراق ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇنداق سورۇنغا بىر ئاددى ئىشچىنىڭ ئۇشۇپلا كىرىشى ئەدەپسىزلىك بولىغانلىقتىن، ئىشىك تۈۋىدە بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى... ئولتۇرۇش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. تەخمىنەن بىر-ئىككى سائەتلەردىن كېيىن، قىزغىن تەكەللۇپسوزلىرى ئىچىدە ئولتۇرۇش ئاياقلاشتى بولغاي، بىرسىنىڭ تاشقىرىغا ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. هېلىقى ئىشچى، باشلىق چىقسا ئىشىك تۈۋىدە ماراپ تۇرغاندەك ھېس قىلىپ قالمىسۇن، دەپ كەينىگە يېنىپ، 5-6 قەدەم يىراقلىقتا بېرىپ تۇردى ۋە

«— خۇدايا شۈكرى، — دىدى ئۇ ئىچىدە، تېلىپ ئاغرىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سىلاپ، — هەر نىمە بولسا چىقتىمغۇ؟»

باشلىق كوپ ئىچكەنلىكتىن تەڭشىلىپ قالغان بولسا كېرەك، تەرتىپسىز دەسسەپ، نىمىلەرنىدۇ-سوزلىگەن هالدا هويلا ئىشىكتىن چىقىپ كەلدى. هاشىم ئاخۇن قولىدىكى ئېغىر بوخچىنى باشلىققا تەڭلىگەچ، مەن... مەن ئاپىرىپ بېرىپ كەلەيمىكىن ...دىدى-دە، بىر نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان ئادەم قارىسىنى كورۇپ، قۇيرۇغىنى تىكىۋەتتى. هېلىقى ئىشچى باشلىقنىڭ بۇ ئىشىنى كورسىمۇ كورمەسلىككە سېلىپ، ئاستايىدىشىپ ماڭغاچ چاقىردى:

— باشلىق...

باشلىق چۆچىگەن هالدا ئىشچىغا بۇرۇلدى ۋە مەڭدەپ كېتىپ قولىدىكى بوخچىسىنى چۇشۇرۇۋەتتى. ئاي يورىقىدا قېتى ئېچىلغان گەلەم كوزگە چېلىقتى. باشلىق ئۆپۆل-توپۆل گەلەمنى يىغىشتۇردى ۋە بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ ساراسىمە ئىچىدە ياسىما مۇلايىملىقى بىلەن:

— هە سەنمىدىڭ ئۇكا، بۇ كېچىدە نىمە قىلىپ يۇرىيسەن؟

— زورۇر بىر ئىش بىلەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

— ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنىغۇ، — دىدى باشلىق، تەئەددى بىلەن

ئىشچى بۇ ئەهۋالدا گەپ قىلىشنىڭ

(ئاخىرى 52-بەتتە)

# مېھرىۋاننىڭ ھېكايىسى

(داستان)

ئابدۇللا سۇلايمان

## مۇقەددىمە

سىنتەبىرنىڭ گۈزەل ئاخشىمى،
تېنىق كۆكتە ئۈزەر تولۇن ئاي.
يەردە سانسىز چاقنىغان يۇلتۇز،
ئايغا قاراپ كۈلەر توختىماي.

تېنچ شەھەر، ئاۋات رەستىلەر
كۆپۈلدەيدۇ گەللەر پۇرىغى.
كورۇنىدۇ كۆمۈش بەلۋاغدەك،
ئىككى ياندا كېچىك ئېرىغى.

مەن باردىمەن ئەشۇ يول بىلەن،
ئوي-خىيالنىڭ ئېتىغا مىنىپ.
نەمخۇش ھاۋا دىماققا مېھمان،
سۈمۈردىمەن- تويماي مەن قېنىپ.

ياناپ ئوتتى شۇ چاغ يېنىمدىن،
قىزىل كىرىست ماشىنا ئوقتەك.
(بىلمىنەتتى ئۇنىڭ يۈرۈشى،
چوڭ كوچىدا ھېچكىشى يوقتەك.)

ئەنسىز سىگنال ئاۋازى شۇ تاپ،
قوغلىغاندەك ئىدى خەتەرنى.
بىر پەستىلا مۇنداق بىر خەۋەر،
ئوز ئىلكىگە ئالدى شەھەرنى:

—مېھرىۋانغا پىچاق تىقىپتۇ...
—شۇ ئىكەندە ئېلىپ ماڭغىنى؟...
—ياق، ھېلىلا كورگەنتىم ئۇنى،...
—راست! بۇ ئىشنىڭ يوقتۇر يالغىنى!...

مىنىپ مەنمۇ خىيال ئېتىغا،
چاپتۇردۇم قىز تەقدىرىن ئويلاپ.
ئۇچتى تۇلپار ئەپسۇس، ئېچىنىش،
لەنەت، تەھسىن بولىنى بويلاپ...

ئەي سۇيۇملۇك كىتاپخانلىرىم،
باشلاي ئەندى بۇ ھەققەتە قىسسە.
يېشىلىدۇ سوئال- جاۋابى،
بۇ ھىكايەم يېزىلىپ پۈتسە.

## 1-باپ

## خەت ۋە چۈش

خىلۋەت، كەڭرى زاۋۇتنىڭ يولى،
ئىككى ياندا گۈللەر ئېچىلغان.
ئۇزۇن كەتكەن توقۇش سېخىغا،
كېچە- كۈندۈز نۇرلار چېچىلغان.

ئايلانغاندا چاقلار رېتىملىق،
يېقىرايدۇ ئۇرچۇقلار تەكشى.
ئىشلەر بۇندا قىزلار ئالدىراش،
چېھرىسىدە خوشاللىق ئەكسى.

پەرۋانىدەك ئايلىنىپ ئۇلار،
يىپ ئۇلايدۇ قىزىيىپ ئىخلاس- زەن.
سېپتا، رەڭدار رەخلەرگە قاراپ،
شات ناخشىلار ئېيتىدۇ بەزەن.

توقۇمىچى قىز مېھرىۋان بۇندا،
ئۈچ باھارنى ئۇزاتتى تولۇق..
بىخ سۈرمەكتە ئۇنىڭ قەلبىدە،
ئازات مېھنەت چاچقان دان-ئۇرۇق.

شاگىرتلىقنىڭ ئۆتكەللىرىنى،
شۇنچە تېزلا بېسىپ ئۆتتى ئۇ.
چىن ئېقىمدە، باغلاپ كەسپكە،
نۇرغۇن ئەجىر-تەرلەر توكتى ئۇ.

بۈگۈن كەچمۇ ئادەت بويىچە،
كېيىن قايتتى ئەسمىنا ئالمىشىپ.
ياتاقتىكى قىزلار بىرھازا،
قىلدى چاقچاق ئۇنى داڭلىشىپ.

— يىللانىمغۇ ئاشۇردىڭىز كوپ،
— كۆتكەن تويىنى قاچان ئۆينايمىز؟
— ھېلىقىمنى رەت قىلىڭ ھەدە،
— كەلسە ئەمدى بىزمۇ قوغلايمىز.

شۇتەرىقە قىزدىق چاقچاقتىن،
مېھرىۋانگۈل كەتتى ئۆيۈلۈپ.
نىمىشقىدۇر كوز يېشى ئاستا،
مەڭزى بويلاپ ئاقتى قۇيۇلۇپ.

بەزىلگەندە ئۇنى دوستلىرى،
يېشىمىن سۈرتۈپ كۆلدى باشقىدىن.
ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقاندا ھەممە،
ئالدى بىرخەت ياستۇق ئاستىدىن.

تىككەندە ئۇ قۇرلار ئاراكوز،
ئايان بولدى شۇتونۇش چىراي.

خەت شۇقەدەر قىسقا يېزىلغان،
ئىدى چوڭقۇر مەزمۇنلارغا باي:

«سالام سىزگە قەدىرلىك مېھرى،
ئالقىشلايمەن يېڭى ئۇتۇقنى.
ئۇتۇپ شاگىرت ئۇتكەلدىن تېز،
باشقۇرۇپسىز تالاي ئۇرچۇقنى.

سىز باسقان بۇ تۇنجى قەدەمنى،
ئۇزقەدىردىمگە تەڭكەش بىلىمەن.
چىڭ باغلانغان سويگىمىز ئۈچۈن،
ئۇنى دائىم ئورنەك قىلىمەن.

مەنمۇ سىزدىن يۇتكەزدىم تولۇق،
يېڭى سايمان خەرىتىسىنى.
ئاچايلى تەڭ تىرىشىپ بىللە،
ئېلىم-پەننىڭ غەزىنىسىنى...»

مەھكەم بېسىپ باغرىغا خەتنى،
كەتتى ئۇزاق خىيال-سۈرۈپ ئۇ.
تورتوقۇلدى خىيال يىپىدىن،
ياتقان چاغدا كوزنى يۇمۇپ ئۇ؛

كەڭرى كەتكەن گۈلزار ئىچىدە،
كۈلۈمسىرەپ تۇرارمىش ئانا.
ئىككەيلەننىڭ قولىنى تۇتۇپ،
شېرىن سوھبەت قۇرارمىش ئانا:

دەيمىش: ئىدى ئارزۇم، بالىلىرىم،
بېشىڭلارنى بىرقىلىپ قويۇش.
ئانىلىقنىڭ پەرز-بۇرچىدىن،
قەلبىڭلەرگە گۈل-نەقىش ئويۇش.

قىلالىماستىمەن بۇرچۇمنى ئادا،
ئارمان بىلەن كەتتىم، بالىلىرىم.
بولدى روھىم سىلەرگە ھەمرا،
دائىما ياد ئەتتىم، بالىلىرىم.

قىزىم مېھرى رازىدۇر ئانا،
ئىبراھىمنى ھورمەتلەپ ئوتسەڭ.
قولىغا قول، ئۇچۇشقا قانات،
بولۇپ ئۇنىڭ ھالىغا يەتسەڭ.

ئۆز بالامسەن، ئوغلۇم ئىبراھىم،
مېھرىۋانىنى تاپشۇردۇم ساڭا.
ئۆنىڭ قەلبى شۇقەدەر پاكىز،
ھەر بىر خۇيى ئوخشايدۇ ماڭا...»

ئىشقا چىللاپ زاۋۇت گۇدۇكى،
ياڭرىغاندا كوكنى تىترىتىپ.
ئۆيقىسىدىن ئويغاندى مېھرى،
چۈشىنىڭ پەيزى، تەمىنى تېتىپ.

## ئۆنىڭ ئائىلىسى

— ئاتا مېنى زورلىماڭ مۇنچە،
سىزگە ئىشلار بەش قولدەك ئايان.
— ھورمەتسىزلىك ئەمەسمۇ ماڭا،
قىلمىغىن رەت سوزنى مېھرىۋان!؟

— ئېيتتىم ئاتا سىزگە مەن تالاي،
ئەمەسقۇ بۇ بىر دەملىك ئويۇن.
— قىلالمايمەن ئەمدى ھېچ تاقەت،
پەشنى قېقىپ تولغۇماڭ بويۇن!؟

زەردى بىلەن سوزلەيدۇ تاھىر،
مېھرىۋانىنىڭ نوقۇپ كوزىگە.
قارىيالمايدۇ تىكىلىپ قىزچاق،
خىجىللىقتىن ئاتا يۈزىگە.

بولۇپ نەچچە قېتىم بۇ تالاش،
نەسىھەتنىڭ جامى يېرىلغان.
قول سىلكىسە ئاچچىغلاپ تاھىر،
قىزنىڭ قەلبى دەرتتىن سىرىلغان.

ۋەدە بەرگەن ئەمەسمۇ تاھىر،
ئاخشام تېخى باشلىق روسۇلغا.
بېراق، قىزى مېھرىۋان يەنە،
دەسسەر ئۆزى بىلگەن ئۇسۇلغا.

قېنى ئۆنىڭ باشلىق ئالدىدا،
مەيدە قېقىپ سوزلىگەنلىرى؟

قېنى ئۆنىڭ شېرىن ئىستىكى،
نەگە ئۆچتى كوزلىگەنلىرى...

يېنىپ ئاستا پەيلىدىن تاھىر،
مېھرىۋانىغا قىلدى سىلىق سوز.
— قىزىم، ئويلا ئۆزەڭ ھەممىنى،
ئەتراپىڭغا باققىن تىكىپ كوز.

بىلمىسەڭ بۇ باشلىقنى ئوبدان،
رەت قىلغۇدەك ئەمەسقۇ ئوغلى.
ئۆنىڭ ھوقۇق، ئابرويى چوڭ،
يېتەر سوزسا قاياققا قولى.

يېتىم قوزا ئىبراھىم دېگەن،
ئۆنى كورەر كوزۇم يوق مېنىڭ.
ھەيرانىمەنكى، ياخشى-يامانىنى،
ئايرىغۇدەك، ئەقلىڭ يوق سېنىڭ؟!

«يېتىم قوزا؟...»، تاڭقالدى مېھرى،
ئاتىسىنىڭ مۇشۇ سوزىدىن.
«يېتىم» لىكنى ئۆزگىگە ئارتماي،
ئىزلەپ باقسا قانداق ئىزىدىن.

«يېتىم قوزا» — بۇ سوز-ھاقارەت،
قىزقەلبىگە تەگدى مۇش بولۇپ.
ئاتىسىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى،
ئەسكە چۈشۈپ، ئۆچتى قوش بولۇپ:

## ئەسلىمە

ئازاتلىقنىڭ ئۈچىنچى يىلى،
يەر ئىسلاھات يايغاندا قانات؛
جاپاكەشلەر روسلاپ قەددىنى،
قىزدىتتى ھەر يېرا توي-پارات.

تاھىر ئۈچاغ ئىدى ئون بەش ياش،
قەد كوتەرگەن دېھقان بالىسى.
خېلى بۇرۇن (تاڭغا ئۇلاشماي)
قازا تاپقان ئاتا-ئانىسى.

تەڭتۇشلىرى ئىچىرە تاھىر نىڭ،
ھەر بىر ئىشتا پەمى بار ئىدى.
كىچىك تۇرۇپ قىلغان سوزىنىڭ،
خېلى شىردىن تەمى بار ئىدى.

كادىرلاردىن سوراپ دايىما،
بىر يىل ئوتمەي چىقاردى ساۋات.
چىقتى گويا باچكو ئۇگىدىن،
ئۇچۇش ئۇچۇن راسلاپ پەي-قانات.

كونلەر ياساپ ھەپتە، ئايلارنى،
ئوتكەنچېغى ئارىدىن بەش يىل؛
مۇھەببەتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى،
لاۋۇلداتتى سويگو تولغان دىل.

تۇققانلىرى تاپقان لايىقنى،
ئەپ كورمىدى، ئۇزىگە تاھىر.
ئايان بولدى ئۇزاق ئوتمە يلا،
ئۇزىقەلبىدە يوشۇرغان بىر سىر؛

خوشنا يېزا قىزى ئايشەمگە،
خېلىدىن ئۇزكو يۇپ يۇرگەنتى.
ئەرتە-ئاخشام ئۇچرۇشۇپ، ياشلىق—
دولقۇندا بىللە ئۇزگەنتى.

ھەر بىر قېتىم كورۇشسە ئۇلار،
توگۇمە يەتتى شىردىن گەپلىرى.
ئالمىشاتتى ھەپتە ئوتمەستىن،
بىر-بىرىگە يازغان خەتلىرى.

ئۇز ئوغلىنىڭ رايىغا بېقىپ،
توي-سورۇننى راسلىدى يېزا.
ئىگە بولغاچ ياخشى كېلىنگە،
يۇرت-مەھەللە خوش بولدى تازا.

بولدى تاھىر دولەت كادىرى،
تويلاشقاننىڭ ياندۇرقى يىلى.
ئەرتىرىشچان، ئايالى ئىشچان،
ئويدە بىساط قويا لدى خېلى...

ماگىسا سەھەر خىزمەتكە تاھىر،
ئايشەم ئاق يول تىلەپ قالاتتى.
كەلسە ئويگە يېنىپ كەچتە ئۇ،
تاماق راسلاپ قارشى ئالاتتى.

ئىككىسىنىڭ ئارزۇسى ئورتاق،
كورسەك دەيتتى پەرزەنت يۇزىنى.
ئانا بولۇش ئۇمىدى بىلەن،
شات سېزەتتى ئايشەم ئوزىنى.

ئاتمىش تورتكە تولغان چاغدا يىل،
قوچتى تاھىر ئوينى شاتلىق.
باسسا ئايشەم باغرىغا قىزنى،
كولدى پەرزەنت ئانىغا تاتلىق.

«مېھرىۋان» دەپ قويدى قىزغا ئات،
يېڭى زامان مېھرىگە لايىق.
ئوتكۇزۇلدى شەرىپىگە توي،
تەبرىكلەشتى ئەل-يۇرت، خالايىق.

ھايات بەكمۇ مۇرەككەپ جەريان،
مىسالى ئۇ پايانسىز دېڭىز؛
ئۇندا گاھى بوران، گاھ دولقۇن،
ئاقار لەرزان، گاھىدا بەك تېز.

مېھرىۋاننىڭ چىقىپ ئايىغى،
تەم-تۇم ئېتىپ ماڭغان چېغىدا؛
كەلدى شاتلىق، قايغۇ ئۇلىشىپ،
پەسىل ئاتلاپ تۇرمۇش باغىدا.

شاتلىغى شۇ: تاھىر خىزمىتى،
يوتكەلگەنتى ناھىيە شەھىرىگە.
قايغۇسى شۇ: «ھەركەت» باشلىنىپ،
يېلۇقتى ئەل ئۇنىڭ قەھرىگە.

ئارتتى ئانا كېسەل ئازاۋى،
ئالتە ياشقا تولغاندا قىزچاق.
خىرەلەشكەن ئىدى كونسېرى،
ئويتوۋىدە يانغان شام-چىراق.

دەرت-ۋەھشەتتىن دىلى مۇجۇلۇپ،
ئايشەم ئاخىر يۇمدى كوزىنى.
رەڭگى سىڭغان مېھرىۋان گويا،
قاناتسىزدەك سەزدى ئوزىنى.

ئانىسىزلىق غەملىرى ئۇنى،
شوخلۇغىدىن قالدۇردى ئاستا.
پەقەت، غۇۋا قەلبىگە مەكتەپ،
پەنچىرىغى ياندۇردى ئاستا.

ئۇز يېشىغا مۇناسىپ ھەر يىل،
ئۇرلىدى ئۇ بالداقمۇ-بالداق.
تاماملىدى ئورتا مەكتەپنى،
ئوقۇپ بەزى، چېلىپ گاھدۇمباق.

ئانا تۇتقان ئويگە تارتىشىپ،
ماڭدى «قايتا تەربىيە»گە ئۇ.
يۇمران قولنى تاۋلىدى كەتمەن،
كونۇپ كەتتى جاپا-تەرگە ئۇ.

ئەسلىدى ئۇ ئايشەمنى دائىم،
كەڭ دالىدا كوتىرىلسە كۈن.
يۇلتۇزلارغا باقتى خىيالچان،
قۇياش پېتىپ باشلانغاندا تۈن.

بۇنداق چاغلار ئۇنىڭ يېنىغا،
ئىبراھىممۇ پەيدا بولاتتى.
سوھبەتلەردە سىنىپداشلارنىڭ،
دىللىرىغا ئۈمىت تولاتتى.

ئۈمىت بىغى كەڭرى تۇپراقتا،
يىللار سىرى تارتتى كەڭ يىلتىز.
تۇنجى سويگۇ قەدەملىرىگە،
گۇۋا بولدى تەر توككەن ئېتىز.

ئالتە قېتىم چېچەكلەپ ئورۈك،
كوزئالدىدا ئالماشتى پەسىل.
بىرگە بارغان دوستلىرى قايتتى،
شەھەر، زاۋۇت، مەكتەپكە ھەر يىل.

دەيتتى ئۇلار: «چىنىقىپ» بۇندا،
ئىككىمىزلا قالساقمۇ مەيلى.
كەڭ دالىدا بىردىمىز بۇلبۇل،
بولساق، رازى بىردىمىز لەيلى...

دېخانلارغا بولدى ياردەمچى،
قىلىپ ئۇلار سوزىگە ئەمەل.
سەھەر تۇرۇپ چۇشسە مېھنەتكە.
ئىشتىن قايتتى كۈن پاتقان مەھەل،

بۇزۇلغاندا ساپان، سىيالكا،
ئوڭشاپ بەردى ئىبراھىم ئۇنى.
ئىككىسى تەڭ ئايدىڭ كېچىدە،
باشلاپ كەلدى ئېتىزغا سۇنى...

يەتمىش سەككىز قېتىم چاڭ ئورۇپ،
يىل سائىتى ئايلانغان چاغدا.
سەپەر ئۈچۈن راسلانغان كارۋان،
يورۇشلەرگە ئاتلانغان چاغدا:

مېھرىۋانغا ئېلىپ بىر خەۋەر،
كەلدى تاھىر ئەتىرەتكە خۇشخوي.
دىدى: «ئىشچى بولدۇڭ زاۋۇتقا»،
بولغىنىدەك گويا كاتتا توي.

ئالدىرىتىپ يولغا چىقىشقا،
— تېز ماڭا يىلى قىزىم، دىدى ئۇ.
قانچە قېتىم پالاقلاپ يۇرۇپ،
بۇ ئىشنى ھەل قىلدىم، دىدى ئۇ.

كوپ يىل ئاش-تۇز بەرگەن يېزىدىن،
كېچەلەمدۇ مېھرى بىر دەمدە.
كەتسە ئۇچۇپ يىراققا بۇلبۇل،
قالامدۇ گۇل ھىجرانلىق-غەمدە؟

باغلىغاندەك كورۇنمەس بىر يىپ،
تەسلىكتە ئۇ ماڭدى سەپەرگە.
دىدى ھەممە: «يوقلاپ تۇر بىزنى،
تولسۇن ھەربىر ئىشىڭ زەپەرگە».

خوشلاشتى ئۇ ئىبراھىم بىلەن،
قەلبىدىكى سوزىنى ئېيتىپ.
تەقدىم قىلدى كەشتە ياغلىقنى،
كەشتە بىلەن سويگۇنى قېتىپ.

ھەربىر قېتىم ئالماشقان خەتتىن،
چىقىپ باردى ئۈمىت، ئىرادە.
(مۇھەببەتنىڭ دەردىچۇ نىكى—
سوغۇرۇلغان ئەمەسمۇ تەردە.)

چاقىرىق كېلىپ ئىبراھىمغىمۇ،
ئالتە ئايلىق كۇرسقا ماڭدى.
پەن-تەتقىقات ئورنىدا تۇنجى،
ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالدى.

بىر شەھەرگە جەم بولدى ئۇلار،
ھەپتىلەردە تۆردى كۆرۈشۈپ.
كۆردى بىللە كىنو، تىياتىر،
سەيلى قىلدى گاھى كۈلۈشۈپ.

قوش مېغىزدەك ئۆتكەن ھاياتقا،
نېچۈن ئەمدى تىگەر سوغ شامال.
مۇھەببەتنىڭ ئەركىن قۇشىنى،
قىلار نېچۈن تار قەپەز قامال؟!

ياش ئىدىغۇ تاھىرمۇ بىرچاغ،
ئايشەم بىلەن كۆرۈشكەن شۇنداق.
ئۆزى خالاپ كۆڭۈل تېپىشىپ،
بەخت بىلەن سۆيۈشكەن شۇنداق.

ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن جەرياننى،
نېمە ئۈچۈن ئۇنۇتار ئاتا؟!
مۇھەببەتنىڭ ئالدىدا نېچۈن،
زورلۇق كۈچىنى تونۇتار ئاتا؟!

روسۇل باشلىق قىلغان «شەپقەت»كە،
نېچۈن ئۇنى قىلماقچى بەدەل.
تېگىپ گويا تاشنى تاياققا،
تاپار قانداق شەرەپ ۋە ئەمەل....

قىز ئەسلىدى شۇلارنى ئۇزاق،
ئەسلىمىلەر خۇددى بىر كارۋان.
ماڭسا كارۋان باراقسان يولدىن،
ئاشتى بەزەنخەتەرلىك داۋان.

چىقتى ئۆيدىن مېھرىۋان ئاستا،
زاۋۇدىغا كەتمەكچى بولۇپ.
يىراقلارغا تىكتى ئويچان كۆز،
ئاپتوۋۇزدا غەمكىن ئولتۇرۇپ....

## 2- باپ

# ياش ئىجاتكار

كەڭرى، يورۇق كورگەزمە زالى،
ئىشكاپلاردا نازۇك ئەۋرىشكە.
يېڭى سايمان تىزىلغان قاتار،
ئوخشار بۇ زال خۇددى بېھىشكە.

ئۆزۈلمەيدۇ مېھمان ئايىغى،
توختاپ ئۆتەر پۈكەي قېشىدىن.
چۈشەندۈرەر قىزلار چاكىلداپ،
باشلاپ ھەر بىر رەتنى بېشىدىن.

مېھمانلارنىڭ تارتتى زوقىنى،
كوكۇش سىرلىق بىر يېڭى سايمان.
قۇرۇلمىسى ئاددى ھەم پۇختا،
بولغاچ ئىشلەش سۈرئىتى چاپسان.

چۈشەندۈردى دىكتور قىز خۇشخۇي،
تاياق بىلەن كۆرسىتىپ ئۇنى.
دېدى: قايتا-قايتا ئىزدىنىپ،
ياساپ چىقتى ئىبراھىم بۇنى.

كېۋەز تېرىش، ئاسراش، يىغىشتا،
ئىشلىتىشكە ئەپلىك بۇ سايمان.
ئەمگەك كۈچىنى قىلىدۇ ئازات،
ھاجەت ئەمەس سورەشكە ھايۋان....

باش لىڭشىتىپ بولۇشتى قايىل،
كۆرگەزمىنى كۆرۈپ مېھمانلار.
(ياش ئىجاتكار ئىختىراسىدىن،
تورالامدۇ سۆيۈنمەي جانلار؟)

كەلگەن ئىدى مېھمانلار بىلەن،
مېھرىۋانمۇ بۇنى كۆرگىلى.
يارى قۇچقان شاننى تەبرىكلەپ،
ھوزۇردا بىللە كۈلگىلى.

توپ ئىچىدىن چىقتى ئۇ ئاستا،
ئىبراھىمنى ئىزدىمەك بولۇپ.
كۆرۈنگەندە ياتاق بىناسى،
يۈرىكىدە شاتلىق جۇش ئۇرۇپ؛

ئىشىك چىكىپ ئۆيىگە كىردى ئۇ،
ئولتۇرغانتى ئىبراھىم يېزىپ.
باش كۆتەردى قىزىقىپ قەلەمنى،
مېھرىۋانگۈل كەلگەننى سېزىپ.

— ياخشىمۇ سىز، قۇتلاي ئەڭ دەسلەپ،
غەلىبىڭىزگە. بولسۇن مۇبارەك.
— هارمىغايسىز، ئورتاق زەپەر بۇ،
بولغاچقا سىز ماڭا يار-يۆلەك.

ھاياجاندا بېقىشتى جۈپ كۆز،
جىلۋە قىلدى يۈزلەردە كۈلكە.
ئولتۇرغاندا ئۇلار يانمۇ-يان،
ئوخشاپ كەتتى قوشماق-جۈپ گۈلگە.

قىلىپ شېرىن سۆھبەت بۈگۈنمۇ،
كەچ كىرگەننى بىلمەي قېلىشتى.
مۇھەببەتتىن بىرى پەرۋانە،
بىرى ئاتەش بولۇپ يېنىشتى...

مېھرىۋانگۈل قايتتى خۇشلۇشۇپ.
ماڭدى ھەمرا بولۇپ ئىبراھىم،
(بۇنداق قىسقا ئۇزۇتۇش پەيتى.
تەكرارلىنىپ تۇراتتى دائىم.)

× ×

دىگەر ۋاقتى، ئاسفالت يولدا،
شالاڭلاشقان يولۇچى ئىزى.
بەسلەشكەندەك سىم چىراق بىلەن،
نۇر تۆكەتتى يەرگە كۆك قىزى.

قايرىلغاندا دوخمۇشقا ئۇلار،
چىقتى ئىككى ئادەم يول تۇراپ.
ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ھەيۋە قىلدى سوئاللار سوراپ:

— يول قا ياققا ئاشىق - مەشۇقلار،
يۈرۈشۈڭلار پىنھانلىقمۇ بۈگۈن.
— يىتىم ئوغلاق كەلگىنىدىغۇسەن،
ئەجەپ تېخى يۈرىدىغىنىڭ پۈتۈن.

— ۋالاقلىما كىم قويىدى ساڭا،
يولنى توسۇپ جېدەل قىلمىشنى.
دىدى غەزەپ بىلەن مېھرىۋان،
سوكۇپ بۇنداق غەيرى قىلمىشنى.

— تەلۋىدىنى قىلغان ئىدىڭ رەت،
شۇئىمكەندە سۆيگەن ئادىمىڭ.
كەملىگىمنى تونۇپ قويئويدان،
قاچالمايسەن قولۇمدا جېنىڭ!

شۇ سۆزلەرنى دىگەچ ئۇ كىشى،
مېھرىۋانغا كەلدى يېقىنلاپ.
— تارت قولۇڭنى، دىيىشىگە ئوغۇل،
ئۈستى بىرسى ئۇنى بېقىنلاپ.

تۇنجى زەربە بولدى گويا كى،
ماي چاچقاندەك غەزەپ ئوتىغا.
ئىبراھىمدىن يىدى كوپ پەشۋا،
ئۇ ئىككىسى كەچكە، پۇتىغا...

قاچتى ئۇلار، قىستى مېھرىۋان،
ئىبراھىمنىڭ ئىسسىق قولىنى.
ئەسلىتەتتى جۈپ ياشنىڭ تۇرقى،
گويا ھەشقىپىچەك گۈلىنى...

## يىتىمنىڭ سەرگۈزەشتىسى

شۇ يول بىلەن قايتتى ئىبراھىم،
ئۇز يارىنى ئۇزۇتۇپ يالغۇز.
خىيال بىلەن باسقان ئىزىغا،
كۈلۈمسىرەپ باقاتتى يۇلتۇز.

يولۇچىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى،
ئاڭلىناتتى يىراقتىن ئاستا.
ئوھ، دىدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ،
بولغان كەبى پىراقتىن جۇدا.

ئۇنىڭا ئايان، ۋىسال پەيتىنىڭ،
ئاز قالغىنى ۋاقتى-سائىتى.
ئۈزچىر دىماقتا ئىدى تەھدىتكە،
بىراق، ئۇنىڭ بەختى-ئامىتى.

ھېلى بولۇپ ئۆتكەن شۇۋاقە،
پەقەت بۇنىڭ ئاددى مىسالى.
بەزى پىنھان، بەزى ئاشكارە،
كۆچە يىگەنتى ئۇلار قامالى...

ئاتا-ئانا بوقلىغى ئۇنى،
قالدۇرامدۇ سۆيگۈدىن مەھرۇم.
نە ئۈچۈن ئۇ قىلماقچى زورلۇق،
نىمىشقا ئۇ بولماقچى مەھكۇم؟!

شۇنداق، باشلىق ئوغلى ئېيتقاندەك،
يوق ئۇنىڭكى ئاتا-ئانىسى.
تولغاندا ئۇ ئەمدى ئىككىگە،
مۇڭغا تولغان ئىدى خانىسى.

قانالماي ئۇ ئانا مېھرىگە،
ئالدى ئاتا قوينىدا نەپەس.
كوپ ئوتمەيلا يۈتتى ئاتىنى،
بېيۋاق كەلگەن «ئەجەل» نامىلىق نەس.

تام خۇشىنىسى ئايشەمگۈل شۇندا،
خەۋەر ئېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن؛
ئانا بولۇپ ئاسرىغان ئىدى،
يازئا پتىۋى، قىشنىڭ قارىدىن.

مېھرىۋانىنىڭ تۇتۇپ قولىنى،
مەكتەپكە ئۇ باراتتى بىللە.
گويا ئوسمۇر غېرىپ - سەنەمدەك،
ئۆگىنەتتى، يازاتتى بىللە.

(ئۇزاق ئوتمەي ئايشەم ئانىمۇ،
كېسەللىكتىن تاپقاچقا قازا؛
مېھرىۋانغا قوشۇلۇپ يىغلاپ،
ئاچقان ھازا ئۇستىگە ھازا.)

مۇشۇ ياشقا كەلگىچە ئۇنىڭ،
تارتقان ئەلەم-دەردلىرى ئازمۇ؟
ئىنتىزارلىق ئىچىدە كۆزتۇپ،
ئوتەسىلىكتە ئېرىشكەن يازمۇ!

مانا، ئۇمىت بەخى بويتارتىپ،
تەگدى «يېتىم ئېغىزى ئاشقا».
ئەمدى نىچۈن ئۇنىڭ بېشىنى،
ئوستۇرمەكچى بولىدۇ تاشقا!؟

ئەشۇ كەچمىش گويا مارجاندەك،
تىزىلغاندا كوڭۇل يىپىغا؛
قەدىمىنى تېزلەتتى ئوغۇل،
قامچا ئۇرۇپ خىيال ئېتىغا.

ئالماشتى سىزىس تەبەسسۇم بىلەن،
شۇتاپ ئۇنىڭ تۇرۇلگەن چېھرى.
ئوز-ئوزىگە ئېيتتى پىچىرلاپ:
«ئۇمىدىم زور سېنىڭدىن مېھرى؛

بولدۇڭ ئېغىر كۈنلەردە ھەمرا،
بولدۇم ئورتاق دەردلىرىڭگەمەن.
ئادەت كۆچى، زورلۇق ئۇستىدىن،
غالىپ كېلەر سۆيگۈمىز جەزمەن...»

## 3- باپ

## شوپۇرنىڭ ئاتىسى

روسول باشلىق ئورتا بويكىشى،
يىل قىرروسى قونغان چېچىغا.
ئاتمىشلەرگە كىردى تېخىچە،
پەرۋاسىزراق مەسئۇل ئىشىغا.

سالاھىيەت، ئىش تەجرىبىسى،
قوشىمۇگەر نامىغا ئابروي؛
نە ئۈچۈندۇر ئائىلىدە ئۇ،
بولۇپ قالغان گويا «باۋاش قوي».

شۇۋەجىدىن خوتۇنى ئايىم،
يىتىلەيدۇ بۇرنىدىن بەزەن.
پايدىلىنىدۇ ئەپچىللىك بىلەن،
ئۇنىڭ ھوقۇق، ئورنىدىن بەزەن.

ئوغلى مۇرات ئىشىدىمۇ ئۇ،
خوتۇنىنىڭ باردى رايىغا.
شوپۇر قىلدى كالوندا دەسلەپ،
بارغۇزماستىن ئەسلى جايىغا.

ئەكە-نايناق ئوسكەن ياش يىگىت،
كەتتى بۇچاغ بەكمۇ كىبىرلىنىپ.
ئاي ئوتمەيلا ياماشتى رولغا،
ئۇ گەنىمىدى دىلىدىن بىرلىنىپ.

ئۇزۇن، قىسقا يوللار يۇرگەندە،
چىقىراتتى گاھىدا چاتاق.
خوشى تۇتسا ئىشلەپ يېرىم كۇن،
كەچكىرسىلا ئىزدەيتتى قاۋاق.

پەيتىنى تاپسا راسلاپ سورۇننى،
كېتەتتى ئۇ ئوينايپ - بەل تولغاپ.
مەيدىسىگە مۇشلايتتى دائىم،
ئاتىسىنىڭ نامىنى بۇلغاپ.

كوز- كوز قىلىپ دوستلىرىغا ئۇ،
يۇرمەكتىدى گۇزەل قىز تاللاپ.

دەيتتى: مەن كىم، ئوينىشقا ھەقلىق،
بىرنى ئالداپ، بىرىنى تاشلاپ.

بەردى رۇسۇل ئۇنىڭا كوپ تەنبىھ،
(ئوزمە يلىگە قويسىمۇ ئايىم.)
سەل كېچىككەچ بۇ ئىشقا ئاتا،
بەيتتى گاھى ئوزىچە ۋايىم.

چۇنكى، ئوتتى ئۇنىڭ كوپ يىلى،
«ھىساپ بېرىش» بىلەن بىھۇدە.
«7-ماي» مەكتىۋىنى ئۇ،
پۇتتۇرمەيلا ياتتى تۇرمىدە.

تەربىيىدىن ئايرىلغان مۇرات،
قالدى ئۇچاغ ئايىم قولىدا.
قىڭغىر يولغا ماڭدى ئاستىلاپ،
لايغەزەللىك، ئويۇن كويىدا.

قايتقان چېغى ئەسلى ئورنىغا،
ئېغىر دەرتتىن قۇتۇلۇپ رۇسۇل؛
ھوقۇق، شوھرەت بىللە كەلدى دەپ،
ئانا - بالا ئويناشقان ئۇسۇل...

# تەگسىز خىياللار

تاغ كەينىگە مۇكتى ئالدىراپ،
يىغىپ كەچكى قۇياش نۇرىنى.
ئەنە مېھرى ئويىدە يالغۇز،
توقساماقتا ئىدى تۇرىنى.

نىمىشقىدۇ ماھىر قولىدا،
چىگىلەتتى يىپلىرى پات- پات.
سېزەتتى ئۇئالدىدا توردەك،
تۇرغىنىنى توساقلار قات-قات.

ئاتا بۇگۇن ئەتىگەن يەنە،
قىلدى ئۇنىڭا خېلى قاتتىق گەپ.
دەشنام بەردى ئۇ گەي ئانىمۇ،
ئاتىسىغا قوشۇلۇپ ھەدەپ.

مېھرىۋانىنىڭ قەلبىنى شۇ تاپ،
كېزەر ئىدى دەھشەت ئوي- پىكىر.

ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئويلاش،
كېلەر ئىدى قىز ئۇچۇن ئېغىر.

ئون گۇلىنىڭ بىرى ئېچىلماي،
خوشلىشامدۇ ھايات بىلەن ئۇ،
ئىبراھىمنى قالدۇرۇپ دەرتتە،
سىردىشامدۇ مامات بىلەن ئۇ.

كوز-كوز قىلار نىچۇن بەزىلەر،
خەلق بەرگەن ئەمەل، ھوقۇقنى!؟
ئوزغەرزىگە يېتىش كويىدا،
بىلمەس نىچۇن ئارنى- نومۇسنى ! ؟

خوشامەتكە ئامراق بەزىلەر،
تازىم قىلار باشلىققا نىچۇن!؟
ئېچىنمايدۇ مۇراتتەك ياشلار،
بىكار ئوتكەن ياشلىققا نىچۇن! ؟

ئويغا نغا ندەك ئۇيقىسىدىن ئۇ،
تورنى تاشلاپ ئالدىقەلەمنى.
ئىبرا ھىمغا يازدى سالامخەت،
توكۇپ دىلىدىن ھىجران-ئەلەمنى—

«...قەدىرلىگىم ئايانغۇسىزگە،
ئېيتقان ئىدىم سوزۇمنى تەكرار.
بىراق، ئۇلارئەلچى ئىبەرتىپ،
قىلدى مېنى شۇنچىلىك بىزار.

ئاتام، ھەتتا ئۇگەي ئانامۇ،
توي كۈنىنى رەسمى پۈتۈشتى.
ئىككى كۈندىن بىرى ئالدىراش-
ئۇلار بۇئىش ئۈچۈن تۇتۇشتى.

ئەلچىلەرنىڭ ئېيتقان گېپىچە،
ئالغان ئىمىش نىكاخېتىمنى .
توختىما پتۇ بۇنىسى تەسكە،
بىلگەچ ئۇلار ئىشنىڭ ئېپىنى.

چۈنكى رۇسۇل خېلىچوڭ باشلىق،
ئۇيەردىمۇ «قۇيرۇغى» باركەن.
«نىكاخېتى كىسىپ بېرىڭلار» ،
دىگەن مەخپى بۇيرۇغى باركەن .

ئەھۋال ئېيتىپ بارغانىمۇ بولدۇم ،
خوتۇن-قىزلار بىرلەشمىسىگە.
جۈرئېن بولغاچ رۇسۇل ئايالى،
خېتىم تەگدى شۇنىڭ ئۆزىگە.

ئۇ دوق قىلىپ دىدى: «قىزدىگەن ،
ئەرزقىلامدۇ ئاتا ئۇستىدىن»
يەرزەنت ئىشى— ئىبتائەت بىلسەڭ،
نىكا دىگەن غايىپ ئەسلىدىن.

ئىززىتىڭنى بىلگىنىڭ تۈزۈك،
قارشىلاشساڭ ئۆزەڭگە قىيىن...»
باردىم ئۇگەي ئانام قېشىغا،
ئۇلارقۇرغان تۇساقتىن كېيىن.

ئويلاپتىمەن «ئۇ ھەم ئايالغۇ،
چۈشىنىدۇ يۈرۈگۈمنى» دەپ.
نەدىكىنى، رايىمغا باقماي،
كورسەتتى ئۇ غەلىتە سەۋەپ :

«رۇسۇل باشلىق سېنىشەھەرگە،
يۈتكەش ئۈچۈن بىرئۇزاق چاپقان.
دادالڭ تاھىر شۇئىش ۋەجىدىن.
كىچىككىنە مەنسەپمۇ تاپقان.

مەن جېنىمدا نوپۇسنى يۈتكەپ،
كىلىۋالدىم يېزىدىن-چەتتىن.
ئوبىلاپ كورگىن ھالا بۇكۈندە،
يۈز ئورۇشكە بولامدۇ خەقتىن ؟

بىلىپ قويغىن ئاقمايدۇئەسلا،
نەگە ئەرزقىل، قانچىلىك يىلىن.
ئۇخلاپ چۈشۈڭ بويۇن تولغۇشۇڭ،
رۇسۇللارغا بولسەن كېلىن!...

شۇنچە قىيىن ھالدا تۇرسامۇ،
ئۈزۈلگەن يوق ئۈمىت تومۇرى.
يانارسويگۇ ئوتى دىلىمدا،
كويگەن ئوخشاش قىشنىڭ كومۇرى.

كورسىتىمەن شۇڭا قارشىلىق،
غۇرۇرۇمنى قوغداش يولىدا.
رازىمەنكى ھەتتا ئولۇشكە،
قوچاق بولماي ئۇلارقولىدا...»

## 4-باپ

## ئاقىۋەت

كېبىرسىلوغا تاشلاپ ئۆزىنى،
پىكىر-خىيال سۇرمەكتە رۇسۇل.
نىمىنىدۇر ئىسىگە ئېلىپ،
چىرايىنى تۇرمەكتە رۇسۇل.

تاماكۇنى چېكىدۇ ئۈزمەي،
تولغان ئۆينىڭ ئىچى تۈتۈنگە.
ئۇلايدۇ ئۇ خىيال يىپىنى،
ئۆزى چەككەن چوڭ بىر تۈگۈنگە.

شىرەدىكى تاماقمۇ سوۋۇپ،
تۇرار ئۇنىڭ يېنىدا ئەنە.
ئاڭلانغاندەك بولدى قۇلاققا،
تەكرارلىنىپ شۇ سۆزلەر يەنە:

«ئەمەل قىلماي قانۇن-نىزامغا،
«ئارقا ئىشىك» قىلدىڭىز نېچۈن؟
باشقىلارنىڭ خۇشامىتىنى،
ھەقلىق ئىش دەپ بىلدىڭىز نېچۈن؟

قىز-يىگىتنىڭ مۇھەببىتىگە،
نېمە ئۈچۈن قىلىسىز زورلۇق.
پىرىنسىپنى بۇزدىڭىز نېچۈن،
بىر رەھبىرى كادىر تۇرۇغلۇق...»

بۇ سۆزلەرنى ئېيتقانتى ئاكا،
پارتكومدىن، باشلىقلار كېلىپ.
خىجىللىقتىن قىزارغان ئىدى،
بېشىنى ئۇ تۆۋەنگە سېلىپ.

كەچتىن بىرى يالغۇز ئولتۇرۇپ،
ئويلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.
مانا ئىشىك ئېچىلغاندىمۇ،
ئولتۇراتتى شۇ پېتىچە ئۇ.

كېرىپ ئۆيگە خوتۇنى ئايىم،
كۆپ زورلىدى ئۇنى تاماققا.
دەردى ھەمدە: تويى ئىشى پۈتتى
تۇتۇش قىلساق ئەرتە باغاققا...

— بولدى بەس قىل، سۆزلىمە ئارتۇق،
نېمە كويدا يۈرۈسەن ھازىر.
ھەدىسلا ئالدىمدا چاپتىڭ،
ئاقىۋەتى نېم بولدى ئاخىر؟

رەھبەرلىكتىن ئېيتتى، ئاڭلاپ قوي،
خاتالىقنى يېزىپ چىقىشنى.
مۇشۇ توينى چورىدەپ ئەندى،
تەكشۈرمەكچى چوڭ-كىچىك ئىشنى...

رۇسۇلنىڭ بۇ قىلغان سۆزىدىن،
سەزدى ئامەت قاچقانىنى ئايىم.
ئەسكە ئالدى بولغۇسى تويغا،
شۇنچىلىك كۆپ چاپقانىنى ئايىم.

روسۇل ئېلىپ قەغەز-قەلەمنى،
كەلدى ئاستا شىرە ئالدىغا.
بىر قۇر يېزىپ ئۆچەردى يەنە،
نىمىنىدۇر ئېلىپ يادىغا.

تاڭ ئاتقۇچە تۇردى يېنىغلىق،
ئىچكەركى ئۆي ئىچىدە چىراق.
يازدى رۇسۇل تەكشۈرۈش خېتى،
ۋىجدانىغا قويۇپ مىڭ سوراق...

## يولدا

ئىسمىنىدىن ئالمىشىپ مېھرى،
قايتتى ئۆيگە شەنبە ئاخشىمى.
باشلانغانتى بۇ چاغ تىياتىر،
ئاڭلار ئىدى شەھەر ناخشىنى.

ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈپ، ئۇدۇللا،
ماڭدى كوچا مەركىزى بويلاپ.
قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى ئۇ،
تونۇگۇنكى ئىشنى ئويلاپ:

ئەھۋالىدىن تەپسىلات يېزىپ،
كىرگىنىدە پارتكومغا قىز.
مەسئۇل كىشى دېگەنتى: قورقما،
ساڭا كېپىل تەشكىل، يەنى بىز.

تەكشۈرەيمىز ئىشنى، كېتىپ تۇر،
شۇ سۆز بىلەن يانغان ئىدى ئۇ.
ھېسداشلىققا ئېرىشىپ، غەمدىن-
خالاس بولۇپ تىنغان ئىدى ئۇ.

تۆنۆگۈندىن بۇيان قەلبىدە،
يېڭى ئۈمىت پارلىدى رۇشەن.
مانا، مەزمۇت باسماقتا قەدەم،
زىلۋا، نازۇك بەدىنى تېمەن.

قايرىلىپ ئۇ ئاسپالىت يولدىن،
ماڭدى ئويى تەرەپكە ئۈزدۈل.
سالقىن ئاخشام شامالىرىدا،
تال-تېرەكلەر ئوينايتتى ئۇسۇل.

تۇيۇقسىزلا دەرەخزارلىقتىن،
بىرسى چىقىپ توردى يولنى.
توردى-دە، ئاچاڭلاپ كېلىپ،
تىز ئۇزاتتى ئۇنىڭغا قولنى.

كەلمىگىنى قىلغىنچە پەرق،
سوز باشلىدى لەيلەپ، دۇدۇقلاپ:
—ئىشقىڭىزدا بولدۇم بىگانە،
قالدىم كۆندىن كۆنگە ئورۇقلاپ.

شۇڭا ئالدىم قاتمۇ-قات تويلۇق،
تەق قىلىنىدى گىلەم، تېلېۋىزور...
قىلالمىدىم تويغىچە تاقەت،
هازىر بىر پەس سۆرسەكچۇ هۇزۇر؟..

تىكەنلەشتى قىزنىڭ بەدىنى،
مۇراتنى بۇ هالەتتە كورۇپ.
غەزەپ بىلەن دىدى: بول تۇسما،
ئوغرى ئىتتەك كەينىمدىن يۇرۇپ!

مال ئەمەسمەن ئالماشتۇرغىلى؛
تەڭ قىممەتنىڭ بولۇپ قوربانى.
ئوخلاپ چۇشۇك تويي قىلمىش دىــگەن
بولغانىما يەدۇ سويگۇ ۋىژدانى!

—خىلۋەت جايدا ئۇچراشتۇق مىهرى،
رەت قىلىپلا قۇتۇلاي دەمسەن؟!
خەۋىرىم بار يازغان ئەرزىڭدىن،
هۇشۇڭنى تاپ هازىرلا سەن-سەن!!

باشقىسىغا بەرگىچە تاشلاپ،
قاندۇرمەن ياشلىق هەۋەسنى...
نىمە قىلسام ئىختىيارلىغىم،
بوش قويمايمەن سەن تىگى پەسنى!!

توختىغاندا سوزىدىن مۇرات،
تىترەپ كەتكەن ئىدى غەزەپتىن.
كاسىلدايتتى چىشى كىرىشىپ،
دىلدا يانغان ئوچلۇك-هەسەتتىن.

قىستاپ كېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا،
«كاپ» قىلىپلا تۇتتى قامالاپ.
قارشىلاشتى مىهرى كۈچ بىلەن،
قۇتۇلماقنى ئىزدەپ-ئامالاپ.

«قۇتقۇزۇڭلار!» دىگەن پەرياتنىڭ،
قايتتى ئەكس ساداسى ئۇزاق.
«قۇتقۇزۇڭلار!» دىدى تال تېرەك،
«قۇتقۇزۇڭلار!» دىدى كۆل، بۇلاق...

تىنيا تىردىن يانغان ئادەملەر،
كېچىكمەستىن كېلىشتى يېتىپ.
مەخسىدىگە يېتەلمەي مۇرات،
سالدى قىزغا پىچاقنى ئېلىپ....

نەخ مەيداندىن تۇتۇلۇپ قاتىل،
ئېلىپ ماڭدى ساقچىلار يالاپ.
ئۇچتى قىزدىل كىرىستىت ماشىنا،
دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ...

## خاتىمە

كىتاپخانىلار، قىزنىڭ تەقدىرى—
تېغىرىسىدا بىلگۈڭلار كەلەر.
كېيىنكى ئىشلار هەل بولدى قانداق،
دىل-كۆڭلۈڭلار بۇڭا ئىنتىلەر.

گەپنى ئەۋۋەل مىهرىدىن ئاڭلاڭ،
ئۇ ئىككى ئاي دوختۇردا ياتتى.
بۇ ئارىلىقتا قانۇن ئورگىنى،
زىددىيەتنى— تۈگۈننى تاپتى،

ئىش تاقالدى بىردىن رۇسۇلغا،
ئۇ ئۇستىگە ئالدى بارىنى.
كوردى يۇقىرى رەھبەرلىك ئۇنىڭ،ـ
قىلمىشىغا لايىق چارىنى.

قاتىل، مۇرات نامىغا بىردەك
لەنەت ـ نەپرەت ياغدۇردى خەلق.
كونا ـ يېڭى جىنايەت ئاخىر،
ئاقتى سۇ بۇپ بۇرنىدىن پىلىق.

يېڭى يىلدا زاۋۇت بويىچە،
ئوتكۈزۈلدى توپى جۇپ ياشنىڭ.
ۋىسالىغا قاندى ئىبراھىم،
مېھرىۋانگۇل ـ ئۈز قەلەمقاشنىڭ.

مەنمۇ ئەشۇ تويغا قاتنىشىپ،
تەبرىكلىدىم ئۇلار بەختىنى.
زوقتا تولدۇم، ئاشۇرغاچ ئىشقا
باشتا قىلغان سويگۇ ئەھدىنى.

تاھىر بىلەن قالدىم كورۇشۇپ،
ئۇخجىللىق ئىلكىدە ئىدى.

ـ يىمەكتىمەن ئەپسۇس، پۇشايمان،
ئوتكەن تالاي ئىشىمغا، دىدى.

قايتقاندا مەن سورۇندىن خوشال،
چوككەن ئىدى شەھەر ئۇيقۇغا.
قوۋناق، گۇزەل ھايات زوقىدا،
چومدۇم مۇنداق پىكىر ـ تويغۇغا:

مۇھەببەت ئۇ زورلۇق ئالدىدا،
يېڭىلمەس بىر كۇچلۇك ئىقىمدە.
مۇھەببەتكى ياشنايدۇ مەڭگۇ،
چىن ۋاپالىق قەلب ئىچىدە.

بىزنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىمىز،
ئۇنىڭ كۇچلۇك ھىمات ـ قالقىنى.
شۇڭا ھەرگىز تاپالماس بازار،
ناچار ئىستىل، ئىشنىڭ ياغىنى.

قىلساق جارى ياخشى خىسلەتنى،
پىششەدەملەر ياشلارنى باشلاپ؛
باسالايمىز ئۇڭۇشلۇق سەپەر،
ئىقبال تامان كەڭ قەدەم تاشلاپ.

1981 ـ يىل دىكابىر، خوتەن.

# سابا كەلدى

ئابدۇللا مەمتىمىن

سەھەر باغ ئىچرە ئولتۇرسام چېچەك پۇركۇپ سابا كەلدى،
كوكۇل بوستانىمنى يەلپۇپ چىمەن ـ ھىدي شىپا كەلدى.

شۇدەم يۇزئاچتى يار ۋەسلى، كورۇندى لالىرەڭ ئەتلەس،
باھاردەك جىلۋە ـ ناز ئەيلەپ باھار بويلۇق زىبا كەلدى.

سىياھ دەيمەنمۇ قاشىنى، مىسالى ئوت قاراشىنى،
يۇزىدە نۇر تەبەسسۇمدىن تۇتۇپ گۇل، دىلرەبا كەلدى.

قىياس قىلدىمكى قەددىنى سۇمۇرمەك بىرقەدەھ بىرلە،
مىسالى سويگۇجانىمدا تولۇق مېھرۇ ـ ۋاپا كەلدى.

قېنى شادمان غەنىمەت دەم شىرىن سوھبەتكە ئەشيان قۇر،
ۋىسال تاڭىغا ئېرىشتىڭ ئەجەپ پەيزى سابا كەلدى.

# ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىپ، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى بايلىق بەرپا قىلايلى

ئابدۇلھەمىت يۈسۈفى

دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى چەتئەل تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئىسپات قىلىشىغا قارىغاندا، «قەدىمقى يۇنانلىقلار، ئىرانلىقلار، ھىندىلار، شۇنىڭدەك قەدىمقى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىغان مەركىزى ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي يىلتىزىغا قوشقان تۆھپىلىرى كۈندىن-كۈنگە ئېچىلىپ چىقماقتا.»

تارىخنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان سىياسى-ئىجتىمائى بوران-چاپقۇنلىرىدا يوقۇلۇپ كەتكەن ياكى كۆمۈلۈپ قالغان تالاي مەدەنىي-ئەدەبىي بايلىقلىرىمىزدىن باشقا، ھازىرغىچە تاسادىپەن ساقلىنىپ قالغان (گەرچە بۇلار دېڭىزدىن تامچە ھېساۋىدا بولسىمۇ) نادىر گۆھەرلىرىمىز — «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەنەشۇ كۆز قاراشلارنى ئىسپاتلىغۇچى قىسمەن ئاساسلاردۇر.

ئېقىلالىق ئاتا-بوۋىلىرىمىز زور ئىجتىھادى ۋە شىجائىتى بىلەن مېڭە سەرپ قىلىپ يازغان ياكى ياراتقان ئەدەبىي بايلىقى، يازما يادىكارلىقلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن، ئۇنداقتا، بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، بۇرۇنقىلارنىڭ تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى يىراق ۋە يېقىن ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەت، ھۈنەر-سەنئەت، ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن تۆھپە قىلغان تارىخىي خىزمەتلىرىنى، ئېسىل ئەنئەنىۋى ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ۋە مىللىي غۇرۇرلىرىنىڭ روھى ماھىيىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىمكى، بۇ بىزنىڭ ۋىجدانى بۇرچىمىزدۇر.

بۇ مەقسەتكە، پەقەت، توغرا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، كىلاسسىك مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ.

كىلاسسىك مەدەنىي مىراسلارنى ئۆگىنىش ئىشى — بىزنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى ئىلمىي، ئەدەبىي، ئىجادىي پائالىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكىدۇر؛ ئۆزىمىزنى، ياش ئەۋلادلارنى ئەدەپ ۋە ئەخلاق، ئەقىل ۋە تەپەككۇر جەھەتلەردە تەربىيىلەش ئۈچۈن، نۇرلۇق ئەينەكتۇر؛

«قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» پىرىنسىپى بويىچە مىراسلار ئىچىدە تەربىيىۋى قىممىتى كۈچلۈك بولغانلىرىدىن روھى ئوزۇق ئېلىپ، جەمىيىتىمىزنىڭ مەدەنىي-مەنىۋى تەرەققىياتى ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ روھى، ئەدەبىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، جۈملىدىن سوز بايلىغىمىزنى كوپەيتىش ئۈچۈن يۇرۇش قىلىشتىكى قېزىپ توگىتىپ بولماس خازانىدۇر.

شۇنىمۇ تەكرار قەيت قىلغۇلۇقكى، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان ناۋايى، فۇزۇلى، خوجا ھاپىز شىرازى، لۇتپى، سەككاكى، ئاتايى، زەلىلى، نىزارى، نوبىتى، تەجەللى... قاتارلىق جاھانشۇمۇل يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ نەسرى ياكى نەزمى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش-ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەدەبىي ھەسسىلىق (          ) ۋە روھى تەسىراتتىن زوقلىنىش خۇسۇسىيىتىمىزنى ئوستۇرۇشكە، ئوتكۈرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق. بۇ ئۆگىنىش- ئىنسان روھىدىكى شېئىرىيەت دۇنياسىغا خاس بولغان بەدىئى زوق، خىيال ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. قىسمەن مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىي ئىجادىيەت سالاھىيىتىمىزنىڭ ئوسۇشى ۋە ئەدەبىي سوز بايلىغىمىزنىڭ كوپىيىشىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

دۇنيادىكى تارالغان ئالىملار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار ئۆزىدىن بۇرۇن ئوتكەن ۋە ياكى زامانداش بولغان باشقا ئالىم، ئەدىب ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنى كورۈپ، ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق - ئۆزگىچىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتتىكى كامالەتنى ئاشۇرغان؛ ئۇنى تەپەككۇرانە ھەزىم قىلىش ئاساسىدا، ئۆز تەبىي خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق يېڭى مەۋجۇدىيەت ۋەمەلىكە پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئەنە شۇنداق يۇقۇرى سەۋىيىگە يېتىشكەن.

بۇدىگەنلىك— ھەرگىزمۇ دائىملىق كىشىلەر (مەيلى كىلاسسىكلىرىمىز ياكى ھازىرقىلار بولسۇن) گە قاراپ قەلەم تەۋرىتىش-پىكىر يۈرگۈزۈش دىگەن مەنانى بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

بىزنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىمىز، بۇرۇنقىلارغا تەنقىدى، ئىجادى ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە تەپەككۇر كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، يېڭىدىن-يېڭى سەمەرىلىك مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ئىبارەت.

كىلاسسىك ئەدەبى ئەسەرلەرنى كوپرەك تەھسىل قىلغانلارنىڭ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىي مېھنىتى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەنلەرنىڭ ئىجات مېۋىسى ئۇنداق قىلمىغانلارغا قارىغاندا كوپرەك، تەملىكراق بولۇشى تەبىئىدۇر.

50-يىللىرى بىرۇتتا ئوتكۈزۈلگەن دۇنيا ئەدەبىياتچىلىرى ۋە پەيلاسوفلار يىغىنىدا شۇنداق بىر سوز ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «...ھازىرقى دۇنيا پەن-تېخنىكا، ھونەر-سانائەت... قاتارلىق ماددى تەرەققىياتتا بۇرۇنقىلاردىن كوپ ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما، مەنىۋى ۋە ئەدەبى تەرەققىياتتا بۇرۇنقىلاردىن كېيىن قالماقتا. ئىنسانىيەت تارىخىنى زىننەتلىگەن سوقرات، ئەپلاتون، ئەرەستوتېل، كوڭزى، فارابى، ئىبنى روشدى قاتارلىق پەيلاسوفلار؛ رومى، شىرازى، ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىقلاردەك ئەدىپلەرنىڭ يېتىشكىنى يوق...» (بۇسوز 1957-يىلى چېخوسلوۋاكىيىدە ئەرەپ تىلىدا نەشر قىلىنغان «تۇللا-

بىلىۋالدىم» (دۇنيا ئوقۇغۇچىلىرى) دىگەن ژۇرنالدىن ئېلىندى.)

شۇنداق ئېكەن، بىزنىڭ كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا مىراسخورلۇق قىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز، تەتقىق ۋە تەدبىق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىداكوپ ئىزاھات بېرىش زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

ئۆگىنىشىمىزغۇ ئۆگىنىمىز، ئەمما، قانداق ئۆگىنىمىز، ئۇنىڭ مەزمۇنىغا قانداق چۈشۈنىمىز؟ مانا بۇ — مۇھىم مەسىلە.

بىزنىڭ ئالدىمىزغا دۇچ كېلىۋاتقىنى، ئالدى بىلەن، يېزىقنى تونۇيالماسلىق ياكى ئوقۇيالماسلىق مەسىلىسىدۇر. كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئەرەپ ھەرىپى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقى (تىلى) بىلەن يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تىلى، مەزمۇنى، ئەدەبىي جەھەتتىكى ئىپادىلەش (يېزىقى) ئۇسلۇبى، بەدىئىي جەھەتتىكى كىنايە، تەشبىھ (ئوخشىتىش) ئىستىئارىلەرگە ھازىرقىلار، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ چۈشىنىشى تەس. بۇكىتاپلاردا بىر مۇنچە ئىستىمالدىن قالغان تۈركى سۆزلەرۋە بىرگە ئۇزلەشكەن ئەرەپچە، پارىسچە سۆز-جۈملىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ لوغەت ۋەكوچىمە ئىستىمال مەنالىرىنى بىلىۋېلىشمۇ ئاسان ئەمەس. مۇشۇتۈپەيلىدىن بىر مۇنچىلىرىمىز ئوقۇيالماسلىقتىن ئىبارەت «ساۋاتسىزلىق» نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىساق، يەنە بىر مۇنچىلىرىمىز چۈشۈنەلمەسلىكتىن ئىبارەت «قىيىنچىلىق» نىڭ توسالغۇسىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. يەنە ئايرىم ئەدىپلىرىمىز (بولۇپمۇ شىئىرىيەت يولىغا يېڭىدىن قەدەم باسقان ياشلىرىمىز) ئۇزى چۈشەنمىگەن، مەناسىنى بىلمەيدىغان ئەرەپ ۋە پارىس سۆزلۈكلىرىنى (قاپىيە ياكى ۋەزىن ئېھتىياجىدىن بولسىمۇ) قالايمىقان، كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ قويۇپ، نەتىجىدە بەزى خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ناھايىتى ئازبىر قىسىم يولداشلار: «بىر پارچە شىئىرى ئەسەردە چوقۇم بىرنەچچە ئەرەپ، پارىس سۆزلىرىنى ئىشلەتمىسە گۈزەللىككە تەسىر يېتىدۇ. ئۇزەممۇ خۇمارىدىن چىقمايمەن...» دىيىشىدىكەن.

ئۇزى بىلمەي تۇرۇپ غەيرى تىللاردىن «ئوتنە» ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ جايىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى، بۇۋەجىدىن ئەكسى مەنا كېلىپ چىققانلىقىنى دىمەي تۇرۇپ، پەقەت «بىر پارچە شىئىرى ئەسەردە بىر نەچچە ئەرەپ، پارىس سۆزلۈكلىرىنى ئىشلەتمىسە، تىلىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىگە نوقسان يېتىدۇ» غانلىقىغىلا قاراپ باقايلى:

بىزنىڭ تىلىمىز (تۈركى تىلى) جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل، لوغەت سوستاۋى ئەڭ باي، ئېيتىشقا ئەڭ يۇمشاق، تەلەپپۇز قىلىشقا ئەڭ ئاسان ۋە يېقىملىق ئاھاڭلىنىدىغان بىر تىلكى — ئىز، ھەرقانداق غەيرى تىللارنىڭ شۇجەھەتتىكى تەرەپلىرىدىن ھەرگىزمۇ كېيىن قالمايدۇ. شىئىرىيەت (يېزىق) نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ قاپىيىگە ئەڭ-ئەڭ باي بىر تىلدۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمقى زامان، ئوتتۇرا زامان ۋە كېيىنكى زامانلاردىكى ئۆزگىرىش ۋە

تەرەققىياتى تارىخىدىن قارايدىغان بولساق، ئەسلى تىلىمىزنىڭ فونتىكا (تەجۋىد)، تەلەپپۇز ياكى دىئالېكت (شېۋە)، تەسرىپ (مورفولوگىيە) ۋە يېزىق ئۆزگىرىشلىرى ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىلغان 3 دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما، سۆز يىلتىزى، فونتىكا ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ياكى مەنالىرى ھېلىھەم ئەسلى تومۇرىنى يوقاتماي ساقلاپ كەلمەكتە.

6-، 7-ئەسىرلەردىن قېپقالغان مەدەنىي يادىكارلىقلاردىكى تاش تام، تاشتىن ياسالغان مۇنارىلار ۋە يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى (تىلى) بىلەن پۈتۈلگەن ئويما خەتلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، گەرچە تىل-يېزىقنىڭ خېلىلا تەرەققى قىلغان، ئەدەبىيلەشكەنلىكىنى بىلەلىسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئاساسەن ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

7-، 8-ئەسىرلەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن كۆل تېگىن، بىلگە قاغانلارنىڭ ئورخۇن دەرياسى بويىدا بىنا قىلغان چوڭ مۇنارىدىكى قەدىمى خاتىرىلەر ۋە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تىل قۇرۇلمىسى، 11-، 12-ئەسىرلەردىكى «خاقانىيە تىلى» بىلەن يېزىلغان «تۈركى تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قۇداتقۇبىلىگ»... قاتارلىق گىنال ئەسەرلىرىمىزدىكى تىل-مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەئبىرچە نەمۇئارتۇق خاسلىقى، گۈزەللىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمىدىمۇ؟

بىر زامانلاردا ئاسىيا قىتئەسىدىكى تۈركى مىللەت تىللىرىنىڭ ئەدەبىياتى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى، شۇ زامانلاردا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسى ياكى ئىشغال قىلىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئەمما ئاتايى، لۇتپى، سەككاكى، ناۋايى، فۇزۇلى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر، غورۇرلۇق ئەدىب ۋە تىلشۇناسلىرىمىز تۈركى تىلىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تۈركى تىلىنىڭ باشقا ھەرقانداق تىللاردىن تۆۋەن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مەردانىلىق ۋە ئىجادكارلىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. «شېرىيەت تىلىنىڭ گۈلتاجىسى» دېيىلىمىش پارس تىلى ياكى ئەرەب تىللىرىنىڭ نۇخسانلىرىنى تۈركى تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن ئېچىپ كۆرسەتتى. بۇ خۇسۇستا ناۋايىنىڭ مۇنۇ بىرپارچە غەزىلىنى ئىسپات قىلىش كۇپايىدۇر:

كەل ئەي مەھبۇبى مەتلۇبىم سېنىڭ ياشىڭ ھازار(1) بولسۇن.
نىقاپ ئاچقىن كۆرەي دىدار-جامالىڭ بەرقارار (2) بولسۇن.
گۈل ئاچمىش ھۆسنىنى بازارىڭ كېچە-كۈندۈز سېنىڭ يادىڭ،
شۇ جەننەت ھۆرلىرى دايىم قېشىڭدا شەرمىسار(3) بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «قەددەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «قەددەت»
تۈركچە مەنىسى «بويۇڭ» —چىمەندە سەبزىزار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «ھاجىپ»، بۇ سۆز پارسچىدا «ئەبرۇ»،
تۈركچە مەنىسى «قاشىڭ»-كامانى ھەلقىۋار بولسۇن.

(1) ھازار-مىڭ (سان). (2) بەرقارار-ئۆزگەرمەس. (3) شەرمىسار-خىجىللىق.

ئەرەبچە سۆزلىسەم «ئەينەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «چەشمەت»؛
تۈركچە مەنىسى «كۆزۈڭ»— سەھەرلەردە خۇمار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «زىھكەك» بۇ سۆز پارسچىدا «خەندەت»،
تۈركچە مەنىسى «كۈلكەڭ»— بۇ ئالەم مىشكىبار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «ۋەجھەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «رۇيەت»،
تۈركچە مەنىسى «يۈزۈڭ»— خالايىق ئىنتىزار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «سەدرەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «سىنەت»،
تۈركچە مەنىسى «كۆكسۈڭ»— قىزىل ئالما، ئانار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «يەدەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «دەستەت»،
تۈركچە مەنىسى «قولۇڭ»— ئازادە كارى-بار بولسۇن.
ئەرەبچە سۆزلىسەم «رىجلەك»، بۇ سۆز پارسچىدا «پايەت»،
تۈركچە مەنىسى «پۇتۇڭ»— ناۋايى بىقارار بولسۇن.

(ئەسكەرتىش: بۇ غەزەل قىسمەن ھازىرقى زامان تىلىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى — تەھرىر)

مەشھۇر سۆز ئۇستىسى ناۋايى بۇ شېئىر ئارقىلىق ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرما قىلىش بىلەن، تىلىمىزنىڭ باشقا ھەرقانداق تىللاردىن كەم ئەمەسلىكىنى، بەلكى پەۋقۇلئاددە ئارتۇقچىلىقىنى نامايىش قىلغان.

بۇرۇنقىلار ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى جان تىكىپ قوغدىغان ياكى شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلەلىگەن يەردە، بىز-بۈگۈنكىلەر نېمىشقا قىلالمايمىز؟. «سەدرەك» (ئەرەبچە)، «سىنەت» (پارسچە)، «كۆكسۈڭ» (تۈركچە) مانا بۇ 3 خىل تىلدىكى سۆزدە بوغۇم، تاۋۇش ۋە مەناجەھەتتىن ھېچقانداق پەرق يوق، ئەمما مەھبۇبىنىڭ كۆكسىنى قىزىل ئالما ۋە ئانارغا ئوخشىتىش ئارقىلىق تۈركچە سۆزلەرنىڭ سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاش—ئۆزمىللىتىمىزنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىدۇر.

خوش، يۇقىرىدا بىز كىلاسسىك نەمۇنىلىرىمىزغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش—ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش—بۇجەھەتتە يەنىلا كىلاسسىكلىرىمىزدىن ئۆگىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، غەيرى تىللاردىن كىرگەن ئايرىم ئىبارىلەرنىڭ ئەسلى مەناسىنى چۈشىنىۋېلىش—غەلەت ياكى خاتا ئۆزلەشتۈرۈۋالماسلىق ھەققىدە توختالدۇق.

ئەمدى ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدىكى ئۆگىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا كىلاسسىك ئەسەرلەر يېزىقىنى، يەنى چاغاتاي يېزىقىنى ئۆگىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئازراق توختىلىمىز.

چاغاتاي يېزىقى قانداق يېزىق؟ بۇ يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ قانۇنىيەت تىلىرى

ئىمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇسوئاللارنى يېشىش ئۈچۈن تەپسىلى بىر ئىزاھات بولماي بولمايدۇ. ۋاقىت ئېتىۋارى بىلەن ئازراقلا توختىلايلى.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئەسلى ئاساسى يەنىلا ئۇيغۇر تىلى. چاغاتاي يېزىقىمۇ، ئوخشاشلا، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئېھتىياجى ياكى تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكىگە لايىقلاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىپ يارىتىلغان ئۇيغۇر يېزىقى. بۇ يېزىقنىڭ «چاغـا تاي يېزىقـى» دەپ ئاتىلىپ كېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەپ—13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاي خان (چىڭگىز- تەمۇچىن خاننىڭ 2-ئوغلى) خاندانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ 15-ئەسىرلەردە تۈركلەشكەن ۋە ئىسلاملاشقان بىر دەۋردە پەيدا بولغانلىقىدىندۇر.

«چاغاتاي تىلى» دېيىشىمىزدىكى سەۋەپ—14-، 15-ئەسىرلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ئەرەپ، پارس تىللىرىنىڭ (يېزىق تىلىنىڭ) بىزنىڭ ئىستېمال ۋە ئەدەبىي يېزىق تىلىمىزغا كۆرسەتكەن تەسىرى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ئارىلاشما (تۈرك تىلىنى گەۋدە قىلغان ئەرەپ، پارس ۋە باشقا تىللار سىڭىپ كىرگەن) تىل شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گىرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلغانلىقىدىن شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىقنىڭ ئىملا قائىدىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قائىدىلىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوقۇش ۋە يېزىشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەي قالمايمىز. مەسىلەن: چىغتاي يېزىقىدا قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەرەپ ئىملا قائىدىسى بويىچە فەتھى (زەبەر)، كەسرى (زىر)، زەممە (فەش) دەيدىغان بەلگىلەر قويۇلىدۇ. گەرچە بۇنداق بەلگىلەر كېيىنچە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ شەكلى يەنىلا ئۆز ئەينى بويىچە يېزىلىپ كەلدى....

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقى ئەرەپ ھەرپىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئانا تىلىدىكى سۆزلەردە ئەرەپ ئىملاسىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئوسمانلى تۈركلىرى قاتارلىق خېلى كۆپ تۈركىي مىللەتلەر؛ ئۇندىن بۆلەك پارسلار، ئافغانلار، مۇسۇلمان ھىندىلار... ئۆز تىللىرى، تەلەپپۇزلىرىغا ئەرەپ ئىملاسىنى قوبۇل قىلدى...

19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ غەربىي ئاسىيا تۈركلىرى لاتىن ئىملاسىنى قوبۇل قىلىپ يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. كېيىنچە بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ، چىغتاي يېزىقىدىكى بەزى مۇشكۇلاتلارنى (سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشتە سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ ئۆز ئەينىنى ئىشلىتىش، يېزىشتا) ھەل قىلدى.

لېكىن، تارىخىمىزدا بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان يېزىق ئۆزگەرتىش ھەركىتى— ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلارنى باغلاپ تۇرۇۋاتقان مەدەنىي (ئەدەبىي) مىسرالار يىپىنى ئۈزۈپ قويدى؛ ئەسلىدىلا ئاجىز بولۇپ كېلىۋاتقان كىلاسسىك تەتقىقات ھالقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

مىڭ يىلغا يېقىن بىر تارىخىي دەۋر ئىچىدە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر (كونا) يېزىغىنىڭ زەررىچىلىك نۇقسانلىرى بولغاندىمۇ ئۇتەرەپلەرنى تەدرىجى تۈگەتكىلى، تاكامۇللاشتۇرغىلى تامامەن بولاتتى، ئەلۋەتتە.

مىڭ يىللىق تارىخ- بۇقىسقا جەريان ئەمەس. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر تەركىۋى قىسمى بولغان تۈركى، جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتى بۇمىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئاز بولمىغان ئىجادىي، مول مەۋىلەرنى ئەشۇ كونا دېيىلگەن يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ قالدۇرۇپ كەتكەن. ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ يېزىغىنى بىلمىگەن ئەۋلات ئۆزىنىڭ شەجەرىسىدىن قانداقمۇ خەۋەر تاپالىسۇن؟ بۇخۇددى «ئۇيغۇر تىلىنى سۆزلىيەلمەيدىغان ئۇيغۇر، ياكى ئاتا-ئانىسىنى تونىمايدىغان پەرزەنت» دېگەندەكلا بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ تىل-يېزىق-مىللەتنىڭ يىلتىزى. يىلتىزى يوق دەرەخنىڭ كۆكلىشىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئۆز ئانا تىلىنى، ئۆز يېزىغىنى بىلمىگەن مىللەتتىن ئۈمىت يوقتۇر.

بىز پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتىرىپ تۇرىمىز، سوتسىيالىستىك ئېلىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە ئۆز توھپىمىزنى قوشىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى پىششىق بىلىشىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىراسلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ۋەتەنشۇدىق قىلىپ، ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزگىلەرنىمۇ بىلىشىمىز- يەنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل پەن-بىلىم بايلىقلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، قېرىنداش تۈركى مىللەتلەرنىڭ مىڭ يىللاردىن بېرى ئىجات قىلغان مەدەنىيەت، مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك قېزىپ، قولىمىزدا، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تەنقىدى پايدىلىنىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلالىساقلا «چەتئەللىكنى جۇڭگو ئۈچۈن، قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» تەلىۋىگە يېتەلەيمىز....

پارتىيىگە قارشى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى، روھى دۇنياسى ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئىدىيە ئازاتلىققا چىقتى. بۈگۈنكى دەۋر ماددى ۋە مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالتۇن دەۋرى! ئىمكانىيەت ۋە شەرت-شارائىت تولۇق بىردەۋر. شۇڭا رەئىس ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «كۈنسېرى ئىزدىنىپ ئۆگىنىپ، يۇقۇرى ئۆرلەيلى». لېنىن ئېيتقان: «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش» بىزنىڭ شۇئارىمىز بولۇپ قالسۇن!....

---

تەھرىردىن:

بۇ ماقالا- ۋىلايەتلىك مىللىي ئامبۇلاتورىيە ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋىراچى، تىلشۇناس ۋە تارىخچى، شۇنداقلا ئەرەب، پارس، ئوردۇ... قاتارلىق بىرنەچچە خىل تىل-يېزىق بىلىدىغان پېشقەدەم تىلماچ يولداش ئابدۇلھەمىت يۈسۈفنىڭ بۇيىل ئاپرېلدا، ۋىلايەت بويىچە چاقىرىلغان 2-قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىدا، تەكلىپكە بىنائەن سۆزلىگەن سۆزى بولۇپ، نەشرگە تەييارلاشتا ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن قىسقارتىلدى.

# هازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن

## جاپالىق ئىزدىنىش — مول ئىجادىي مېۋە

### — شائىر مامۇت زايىت توغرىسىدا —



هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزغا ئۆزىنىڭ مول ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن توھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى — يولداش مامۇت زايىت 1959-يىللاردىن بۇيان مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرى، باللادا، دىراما، ناخشا تېكىستلىرى، شېئىرىي رومان ۋە داستانلىرى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تېگىشلىك ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

مامۇت زايىت 1942-يىلى 8-ئاپرېلدا ۋىلايىتىمىزنىڭ گۇما ناھىيىسىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1954-، 1957-يىللىرى گۇما باشلانغۇچ مەكتىۋى ۋە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە، ئاندىن كېيىن 1960-يىلغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان.

ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي-مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى، قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى، پەيزاۋات، گۇما ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىلىرىدە خىزمەت قىلغان. ھازىر خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىدا ئوقۇتقۇچى.

مامۇت زايىتنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1959-يىلى باشلاندى. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 23 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ 800 پارچىغا يېقىن ھەرخىل تېمىدىكى ئەسەرلىرى مەتبۇئات ۋە رادىيولاردا ئېلان قىلىندى.

مامۇت زايىت يالغۇز شېئىر ئىجادىيىتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى «يولدىكى يولداش» (ھېكايە)، «كورۇپ قالدى» (كومېدىيە)، «ئوبۇلھەسەن» (ئوپېرا)، «قىساس يالقۇنى» (دىراما)... قاتارلىق نەسرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى؛ «گۈل»، «سائادەت»، «مېھنەتكەش ئەۋلادى»، «خاۋاپ ھېكايىسى»، «بۇلاق بويىدىكى مۇھەببەت»، «ئارخىلوگ ھېكايىسى» قاتارلىق داستان ۋە باللادىلارنى يازدى.

### خوتەندە ئۆسكەن شائىرلار

ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان «زامان، بەخت بىزنىڭكى»، «مۇھەببەت ناخشىسى» قاتارلىق تېكىستلىرى

2-3-دەرىجىلىك ناخشا ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئۇ، 1965-يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

مامۇت زايىتنىڭ ئىجادىيىتى گۈللىنىشكە قەدەم قويغان يىللار — قەبىھ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتقا توغرا كەلدى. ئەجىر مېۋىسى بولغان 8 دەپتەردىكى شېئىر، داستان، دراما ۋە ھېكايىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ۋەتەنگە، پارتىيىگە ۋە خەلققە بولغان ساداقىتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى يوقىتالمىدى. ئەكسىچە، ئەشۇ ئاپەتلىك يىللاردىمۇ ئىجادىيىتىنى داۋام ئەتتى. 1971-يىلدىن 1976-يىللىرىغىچە «يېڭى ئەۋلات»، «چولپان قىسسىسى» قاتارلىق 6 داستان، «گۈلمېھروي» ناملىق 4 قىسىملىق شېئىرىي رومانىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن مامۇت زايىتنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى قەدىر-قىممەتكە ئېرىشىپ، يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا يېزىلىپ، يېڭى پىكىر ۋە جۇشقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى، داستانلىرى ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

1979-يىلى ئۇنىڭ «باتۇر يىللار ناخشىسى» دېگەن شېئىرى ئاپتونوم رايونى بويىچە 3-دەرىجىلىك، 1981-يىلى «سېنىڭ تويۇڭ مېنىڭ ياشلىقىم» دېگەن شېئىرى 30 يىللىق مىللىي ئىجادىيەتنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىدى.

1982-يىلى يەنە ئۇنىڭ «ئۈزمە ھەققىدە مۇخەممەس» دېگەن شېئىرى ۋىلايىتىمىز بويىچە 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى مامۇت زايىتنىڭ «كارۋان بۈيۈك نەزمىسى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى «گۈلمېھروي» ناملىق شېئىرىي رومانىنىڭ 1-كىتابىنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابلار بولۇپمۇ «گۈلمېھروي» رومانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر يېرىك مۇۋەپپەقىيەت سۈپىتىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تېگىشلىك باھاسىغا سازاۋەر بولدى.

مامۇت زايىت ئىجادىيىتىنىڭ تېماتىك دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇپ، قايناق تۇرمۇشىمىزنىڭ جانلىق كارتىنىسى، ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ئوبرازلار، خەلقىمىزنىڭ، ۋەتىنىمىزنىڭ كۈرەشچان تارىخى، بۈگۈنى، كەلگۈسى، قىسقىسى، ھەر قايسى تەرەپلەر ئۇنىڭ قەلىمىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مامۇت زايىت ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى گۈزەل ۋە تەسىرچان بولۇپ، خەلق ئارىسىغا ئوڭاي تارقالغان. ئۇنىڭ قوشاق شەكلىدە يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى خەلقنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ ۋە

ئېيتىلىپ كەلمەكتە...

چاپالىق ئىزدىنىش-مول ئىجادىي مېۋە بەرمەي قالمىدى. پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭ 20 نەچچە يىللىق ئىجادىي ئەمگىكىگە يۇقۇرى باھا ھەم شان-شەرەپ بەردى، ئۇ- ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ دېپوتاتى بولدى. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەسمى ئەزالىقىغا تەستىقلاندى.

مامۇت زايىت ھازىر تولۇپ تاشقان غەيرەت بىلەن تۇرمۇشقا يەنىمۇ چوڭقۇر چۆكۈپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپىرى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلارنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى كۈيلەش يولىدا قەلەم تەۋرەتمەكتە؛ ئۆزىنىڭ يېڭىدىن-يېڭى ئەسەرلىرىدە سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت، يۈكسەك مەنىۋى بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا...

تۆۋەندە شائىرنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردە ئىجات قىلغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىگە ھاۋالە قىلىمىز.

— تەھرىر بۆلۈم

## شېئىرلار

مامۇت زايىت

### ئۆمۈر غەزىلى

كۆپنى كۆردۈم ياشلىقىمدا، بولدى داستان كەچمىشىم،
گاھ ۋىسال پەيزىنى سۈردۈم، گاھىدا ھىجران ئىشىم.
يۇرت ۋە خەلقىم بەختىنى كۈيلەپ ياراتتىم نەزمىلەر،
گاھ بوران چىقتى، بولۇپ قالدى جىنايەت يازمىشىم.
گاھ ماڭا ياماشتى جىنلار چاغلىشىپ يالغۇز تىرەك،
ئەگمىدىم بوي، ئېتىلىپ تۇردى ئاڭا لەنەت تېشىم.
گاھ ئادالەت بەزمىسىدە سۇندى مەھبۇپ مەي ماڭا،
گاھى تۆھمەت تاشلىرىدىن بولدى مەجرۇھ بۇ بېشىم.
بەك مۇرەككەپكەن جاھاننىڭ ئىشلىرى- بىلمەك قىيىن،
گاھى ئايلاندى رەقىپكە ئەسلىدە دوست-سىرداشىم.
گاھ ئەسەر قىلدى غېرىبلىق، ئانا يۇرت قالدى يىراق،
گاھى تۇغۇلغان لەيلىزاردا ئۆتتى خەندان يازقىشىم.

كاڭقىدىلەم ئالغاندا قولغا مەن ئىدىم يۇمران گۆدەك،
ئاتا بولدۇم ياش بوغۇنغا، كىردى ئوتتۇزغا يېشىم.
گاھى شاتلىق، گاھى قايغۇ كەلدى دائىم ئالمىشىپ،
مېھرىۋان خەلقىم مېنىڭ بولدى ھەممىشە قوغدىشىم.
شۇ خەلقىمنىڭ تۇرمۇشى — ئەقلىم، ئىجادىم بولغى،
بەختىيارمەنكى، ئۇنى كۈيلەش ئۆمۈرلۈك زور ئىشىم!...

1973 — يىل نويابىر، گۇما

## قەلب دەرياسى

بىر دەرياكى، قىيان ياساپ قۇدرەت بىلەن،
ئاقار مەغرۇر دولقۇن ئۇرۇپ قىرغاقلارغا.
قانات ياساپ شۇ دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنلىرى،
بۈركۈت كەبى پەرۋاز قىلار يىراقلارغا.

دەريا ئاقار ئۆز يولىدا باغ-چۆللەرگە
ھايات بېرىپ ھېچ توختىماي كېچە-كۈندۈز.

توختىتالماس ئۇنى يولدىن ھېچبىر توغان،
ۋە كار قىلالماس ئاكاسوغۇق ياكى تومۇز...
ئۇ دەريادۇر: پارتىيىگە قاراپ ئاققان
ئالتە يۈز مىليون جۇڭگولۇقنىڭ قەلب دەرياسى.
ئۇندا ئاققان سۇ ئەمەس، ئەلنىڭ مېھرى،
شاۋقۇنلىرى: ئالقىش، رەخمەت- كۈي-ساداسى!..

1960 — يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

## مۇھەببىتىڭ بىرگە قويۇلدى

بۇغدايلىقتا ئۇما ئوراتتىم،
چەپىلدا يىتتى ماڭلىيىمدىن تەر.
ئوتتەك يالقۇن-تومۇز تەپتىدىن
ئىڭىم قۇرۇپ، دىۋىدىم «سۇ بەر».

شۇچاغ تۇتتۇڭ پىيالىدا چاي،
ئىچتىم... ھەسەل بولۇپ تۇيۇلدى.
بىلسەڭ ئەي قىز، شۇ تاپ دىلىمغا،
مۇھەببىتىڭ بىرگە قويۇلدى...

1961 — يىل ئىيۇل، قەشقەر.

## مەرسىيە

(«كۇئېنلۇندىكى چاقماق» ناملىق دىرامىدىن)

كۇئېنلۇن ئۈستىدە چاقنىدى چاقماق،
ساداسى لەرزىگە سالدى جاھاننى.
گۈرۈلدەپ دەريالار، جاراڭلىدى تاغ،
مەرتلىكىنىڭ ناخشىسى قۇچتى ئاسماننى.

كۇئېنلۇن ئۈستىدە چاقنىغان چاقماق
ئىسمائىل مەھەممەت — شانلىق قەھرىمان.
ۋەتەنگە جان تىكىپ، ئىسسىق قان بىلەن،
جەڭگىۋار تارىخقا يازدى بىر داستان.

مەرت، جەسۇر ئۇيغۇرنىڭ ھەققى نەسلى،
ۋەتەنىنىڭ پەخرى سەن سۆيۈملۈك ئوغلان.
ياراتتىڭ ھاياتتا يىقىلماس ھەيكەل،
تىرىكتۇر ئوبرازىڭ، بولساڭمۇ قۇربان.

چاقنىغىن ئەي چاقماق، گۈرۈلدە بوران،
سەن بىزنىڭ تۇپراقتا ئۆسۈپ چوڭ بولغان.
جەڭگىۋار ئىشلىرىڭ ساقلىنىپ دىلدا،
ئىزباسار ئىزىڭدىن مىليون قەھرىمان...

1965 — يىل ئاپرېل، قەشقەر مىللىي قىسىم.

## مۇھەببەت

مۇھەببەت — ئىنسانى پەزىلەت، خىسلەت،
مۇھەببەت — ھاياتلىق قۇببىسىدە تاج.
كۈيلىدى بىھېساپ شائىرلار ئۇنى،
مۇكەممەل تەرىپكە تاپمىدى ئىلاج.
توپىغا ئايلاندى يۇرتلار، قەسىرلەر،
ئۆلمىدى مۇھەببەت، ۋەتاپتى راۋاج.

مۇھەببەت — ئىنساننىڭ نازۇك تۇيغۇسى،
تەئەللۇق ۋەتەن، خەلق، دەۋران، يارىغا.
تەئەللۇق قەلبىدىن سۆيگەن كەسپىگە،
چىن ئىخلاس باغلىغان پارلاق غايىغا.
قەلبىدە بولسا ئۇ قايسى كىشىنىڭ
يەتكۈزەر ئىشىدا كامال-ۋايىغا.

مۇھەببەت — سەنئەتنىڭ ئۇلۇغ ئانىسى،
مۇھەببەت — بۇۋىسى بىلىم-ھېكمەتنىڭ.
مۇھەببەت — مەنبەسى يۇرتنى گۈللەتكەن،
مېھنەتنىڭ، ھۈنەرنىڭ، تەڭسىز قۇدرەتنىڭ.
مۇھەببەت — قامچىسى ئۈزۈن سەپەردە
توختىماس كارۋاننىڭ، يۈكسەك سۈرئەتنىڭ.

مۇھەببەت بولغاچقا ئەجدات كوكسىدە،
ياشنىدى، قوغدالدى بۇ ئانا دىيار.
مۇھەببەت بولغاچقا ئىجات-ئىرپاندىن
چولپانلار پارلىدى، تىكلەندى مۇنار.
مۇھەببەت يالقۇنى ئۆرتەپ زۇلمەتنى،
يارالدى بۈگۈنكى قۇياشلىق باھار.

خوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ مۇھەببىتىدىن
سۇنۇلدى خەلقىمگە «تۇراقۇشىغى»
«دىۋان»نى ياراتتى بۈيۈك مۇھەببەت،
ۋەخەلق ياشىغان ۋەتەن قۇچىقى.
مۇھەببەت — گويا كى ئۇچىدىغان چوغ،
خەلقىمنىڭ قۇچىقى — ئۇنىڭ ئوچىقى.

مۇھەببەت — پەرھاتقا بىلدۈردى ھېكمەت،
يارىلىپ موجىزە، بىستۇن قېزىلدى.
مۇھەببەت — راسىمغا تۇتقازدى قەلەم،
«مىڭئۆي»لەر تېمىغا رەسىم سىزىلدى.
مۇھەببەت — نازىمغا بەخش ئەتتى ئىلھام،
ساناقسىز غەزەل ھەم «خەمسە» يېزىلدى.

مۇھەببەت — يەتكۈزدى يۈكسەك چوققىغا،
فارابى، لىسىگۇالى، كېپۇرنىلارنى.
مۇھەببەت — تۇغدۇرۇپ يېڭە ئىنتىلىش،
كورسەتتى ئىنسانغا يەم-چارىلارنى.
مۇھەببەت — زېمىنغا قىلماقتا يېقىن،
بىھېساپ يۇلتۇزنى، سەييارىلارنى.

مۇھەببەت — ياشلىقنىڭ تاجىدا گوھەر،
ئۇ غايە، ئۇ بەخت، ئۇ بۈيۈك قۇدرەت.
ئۇ جەسۇر، ئىجاتكار ئىنسانغا تالىق،
«ئىشقى يوق كىسەكتۇر» ياتىرىك جەسەت.
مۇھەببەت — توختىماس بىر ئەزىم دەريا،
خەلق ياشار، ئەبەدى ياشار مۇھەببەت!...

1978-يىل ئاپرېل گۇما

## ساقىنامىلار

(«گۈلەبروي» ناملىق شېئرى روماندىن پارچە)

### — بىرىنچى قىسىم بەشىنچى باپتىن

بىر قەدەھ تۇت ماڭا ساقى، بۇ ھاياجاننى باساي،
دەرت-پىغانلىق كونا تارىخنىڭ داۋانىدىن ئاشاي.

چىقتى ئىزدەپ ئەرك-نىجاتلىق ئانا يۇرت ئوغلانلىرى،
ئاقتى قان، تولدى شېھىتلەر تېنىگە قاپتال ۋەساي.

باستۇرۇپ مەرتلەرنى قۇززات-ئۇ زامانىنىڭ جاللىتى،
ئەلكۆچىدىن باغ ياساپ، ئەل مۈلكىدە سالغان سارايى.

ئۇنتۇما ئۆمرۈڭدە ماڭۇت، ئۇقارا تارىخنى سەن؛
نىمە كۈننى كۆرمىگەن سالىخ بىلەن پەررۇخ بوۋاي!...

## -ئىككىنچى قىسىم يەتتىنچى بابتىن

يەنە قۇي تولدۇرۇپ جامنى، بۈگۈن ماڭۇت خوشال، ئى دوست،
رەقىپ تارمار بولۇپ، كۆلمەكتە مەرتلەرگە ۋىسال، ئى دوست.

جاھاننىڭ ئىشىنى ئويلاپ خىيالىم چارچىماس دۇلدۇل،
كى تارىخ-سودىيە، سوتچى-خەلق ئادىل ۋەقا تىتىق قول،

خەلققە ئىشقىنى بەرگەن ئالارغەلدىن مۇكاپاتنى،
خەلقنى «دات!» دېگۈزگەنلەر ئۆزى دەر ئاخىرى «دات!» نى.

كىشىگە كۆر قېزىپ ئۇتسەڭ، ئالارسەن سەنمۇ كۆردىن جاي،
زېمىنغا تېرىساڭ ئارپا، ئېلىشنى ئويلىما بۇغداي!

## — ئۈچىنچى قىسىم ئۈچىنچى بابتىن

ساقىيا، جام كەلتۈرۈپ ماڭۇتقا بول ھەمدەم-قاياش،
توختىماس ۋاق-چۈك، جىمدەلدىن مەن تاپاي بىردەم خالاس.

«بىز» ۋە «مەن» نىڭ كۆيىدىن خالى ئەمەستۇر ھېچكىمشى،
بۇ جاھان غەۋغاسىدا يوقكەن ئارام، تىنچلىق، ئاياش.

تالجىقىپتۇ قەلىمىم سوز بەيگىسىدە ئاتچېپىپ،
پىرسوناژلار مۇ ئېلىشۇن دەم، قىلمىشاي دەتالاش.

بەزمە ۋاقتى كەلدى، قايتتى ئۈۋۈسىغا بارچەجان،
سەزدى ھارغىنلىق مىسالى كائىنات، تۇپراغۇ-تاش.

بايىلا لالەچىراي تاغ كىردى كاپۇر رەڭگىگە،
نۇر دۇكانىنى تاقاپ كۈن ياستۇغىغا قويدى باش.

مەي ئىچەيلى ئولتۇرۇپ تاغ مەشرىپىدە شاتلىنىپ،
چۈشتى شادىيانە ئوسۇلغا قىز، يىگىت-ئاي ۋەقۇياش.

بىز بۈگۈننىڭ پەيزىنى سۈرگەندە ئويلاپ ئەتىنى،
كالتە پەملەر ئېيتىشار: بۇچوچۇرنى خامساناش.

ياناني ئىش كەچكۈسىدۇر قەھرىمانلار بېشىدىن،
ئۆمرىمىز دەرياكەبى ئاقىاي تىنىمسىز، ئالدىراش.

بارھا ياتتا باشلىنىش، ئورلەش، پەسەيمەك، خاتىمە،
بارھە قىقەت، ساختىلىق، كۆلكە-يىغا ھەم كوز بۇياش!...

## ـتوتەنچى قىسىم سەككىزىنچى باپتىن

رەپىق ساقى قەدەھسۇنغىن، كوڭۈل شات، لەۋلىرىم خەندان،
رىيازەتلىك مۇھەببەتتىن پۈتۈپتۇ بۇ يېڭى رومان.

ياراتتى بۇنى تاغ خەلقى، ئاڭا ما مۇت ھالال كاتىپ،
ئىجاتكار خۇددى بىر يۇلتۇز، خەلق-يۇلتۇزغا لىق ئاسمان.

باھاردا سۇلىمىغاي مايسا، دېڭىزدا قۇرىماس قەترە،
بۇ رومان خۇددى بىر تامچە، ھايات جەڭنامىسى ئوكيان.

قەدىم كوھى دارا باشتىن كەچۈردى بىھېساپ كەچمىش،
يېتىلدى گۈلىبروي، سالىخ، پولات، سادىق... كەبى پالۋان.

ياشاپ تاجىك ۋە ئۇيغۇرلار بۇ تاغلىق يۇرتنى گۈللەتتى،
يۇرۇپ ئىقبال تېڭى ئەلگە قۇچاق ئاچماقتا ھوردەۋران.

كېلىڭلار دوستلار كۆيلەيلى رىيال تۇرمۇشنى، مەرتلەرنى،
شېئىر-رومان بېغى بولسۇن ۋەتەندەك لالىزار بوستان!...

1975-يىل گۈما

### تېمىسىز دىئالوگلار

دەرەخ: — بۇرادەر، مەن چۆلنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، جاھانغا گۈزەللىك، كىشىلەرگە ھۇزۇر بېغىشلاپ تۇرىدىغان نەرسە تۇرسام، نېمە ئۈچۈن جېنىمغا زامىن بولىسەن؟

پالدۇ: — مېنىڭ سېپىم ئۆزەڭدىن تۇرسا، نېمە ئىلاجىم بار؟

x x x

سۇپۇرگە: — ھەي كاساپەت! سەن دايىم پاكىز يەرلەردە لاغايلاپ يۇرۇپ، ماڭا زادىلا ئارام بەرمەيسەنغۇ؟

ئەخلەت: — نېمىشقا ماڭا ھاقارەت قىلىسەن، مېنى قالايمىقان تاشلىغۇچىلارنىڭ ئۆزى كاساپەت ئەمەسمۇ؟

تۈزگۈچى: ئابدۇللا جامال

(بېشى 25-بەتتە)

ئەپسىزلىكنى بىلىپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئىدارىدا مۇنداق بىر خەۋەر تارقالدى:

ئۈچ كۈندىن بېرى ئىشچىلارنىڭ مۇئاش تەگشەش مەسىلىسىدە كېلىشەلمەي قالغان بىر سان ھاشىماخۇنغا بىز دېپتۇ!

—ئۇنىڭ جاپاسى كۆپ-تە! دېدى بۇنى ئاڭلىغان ئاخشامقى ئىشچى،—ئۇ مۇشۇنداق بىر سانىنى دەپ، ئۇينىڭ مۇھىم بىر بىساتىدىن ئايرىلدى.

—مەن ئۇنىڭغا يەنە بىر لەقەم قويۇپ قوياي،— دېدى ئىككىنچى ئىشچى— «جان بېقىش مۇتەخەسسىسى!»

— ھا، ھا، ھا...

ئىشچىلارنىڭ مەسخىرە كۈلكىسى مەيدانچاقىنى چىپ ئالدى...

# خوتەندە ئۆتكەن كىشىلەر

## شائىر دىلبەر دورغا

## ۋە ئۇنىڭ «مەزلۇملار ئاھى» مۇخەممەسى

قارىغاش ناھىيىسىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى دىلبەر دورغانىڭ تارىخىي ھۆججەت ۋە ئەدەبىي مىراس سۈپىتىدە قانچە قەدىرلىسە ئەرزىيدىغان بۇ ئەسىرى، يۈز يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بېرى خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۇپ، دەپتەردىن-دەپتەرگە كوچۇرۇلۇپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

مۇبالىغىدىن خالىي بولۇشى، تىل ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىكى پاك-ساددىلىقى بىلەن ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بۇ مۇخەممەسنىڭ نەشرىيات ياكى مەتبۇئات بولمىغان ئەشۇ زاماندا يېزىلىپ، تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشى تاسادىپىي ئەمەس. بۇ ئەسەر ئۆتمۈشتىكى ئېغىر كۈنلىرىمىزنىڭ جانلىق گۇۋاچىسى بولۇشى بىلەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ كىشىنى يىغلاتقۇدەك تەسىر كۈچىگە ئىگە بولغانلىقى تۈپەيلىدىنمۇ قەدىرلىك ئەدەبىي مىراستۇر.

شائىر دىلبەر دورغانىڭ بۇ ئەسەرنى مەيدانغا چىقارغان ۋاقتى — جۇڭگو ئىمپېراتورى شەن تۇڭنىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، شەن تۇڭخاننىڭ دەۋرىدە (ھىجرىيە 1260-مىلادى 1844-يىللار) ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى بەزى سەۋەپلەر بىلەن مەركەز شىنجاڭغا مالىيە جەھەتتىن ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، شىنجاڭدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئەمەلدارلار يەرلىك ۋاڭ، بەگلەر بىلەن كېڭىشىپ ئىمپېراتورغا: «مەركەز ئىقتىسادىي خىراجەت بېرەلمىسە شىنجاڭنى، شىنجاڭنىڭ مالىيەسى بىلەن تەمىن ئەتسەك؟...» دەپ ئىلتىماس سۇنۇپ، ئىمپېراتورنىڭ ماقۇللىغىنى ئالىدۇ. مانا شۇندىن ئېتىبارەن زۇلۇمنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىدۇ.

شەھەر كوچىلىرىغا: «مۇنچە يامبۇ بەرگەن كىشىنى بەگ قىلىمىز»، «مۇنچە پۇل بەرگەن ئادەمگە پالانى ئەمەلنى بېرىمىز...» ۋاھاكازا، دېگەن ئېلانلار چاپلىنىدۇ. پۇلى بار يامان ئادەملەر ئەمەلنى بەس-بەس بىلەن سېتىۋېلىپ ئىش بېشىغا مىنىدۇ. ئۇلار ئەمەل سېتىۋېلىشقا سەرپ ئەتكەن پۇللىرىنى بىرنى ئون، بەلكى يۈز قىلىپ خەلق ئۈستىگە چاچىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئالۋان-ياساق، ھاشار-چوقا پۇللىرى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ ئىسىملار قويۇلغان باج-خىراجلار خەلق ئۈستىگە چېچىلىدۇ، خەلقنىڭ دەرمانى قۇرۇيدۇ. ئادەملەر سىياسىي، ئىقتىسادىي زۇلۇمغا چىدىيالماي ئۇزماكانىنى، ئۆي-جايىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ تىلەمچىلەرگە ئايلىنىدۇ...

يەر-زېمىن ئىگىلىرى ئالۋاننىڭ كۆپلىگىدىن تويىدۇ. يەر-سۇلىرىنى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرسە ئالمايدىغان ئەھۋاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ زۇلۇملار — راشىدىنخان خوجا باشچىلىغىدا قوزغالغان كۇچار ئىنقىلابى (ھىجرىيە 1280-مىلادى 1864-يىللىرى) ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن

كلاسسىك ئەدەبىياتتىن

خوتەن، قەشقەرلەردە كوتۈرۈلگەن خەلق ئىنقىلاۋى كۈنلىرىدىكىچە داۋام قىلىدۇ. قارىقاشلىق شائىر دىلبەردورغانىڭ «مەزلۇملار ئاھى» دىگەن مىز-خەممىسى مانا شۇ تارىخىي كۈنلەرنىڭ سادا-سىدۇر.

مەن جاما ئەتچىلىككە بۇ مۇخەممەسنى ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىنى بىلەن ئەينەن تەقدىم قىلدىم. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇسلۇبى باشقا ئەدىبىي ئىجادىيىتى-يادىكارلىقلىرى ئۈستىدە باشقىلارنىڭمۇ ئىزدىنىپ كورۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

— سۈزۈك

## مەزلۇملار ئاھى

(خوتەن ھاكىم بەگلىكىگە سۇنۇلغان ئەرز)

داد ئېتىپ كەلدى بۇ دىلبەر، ئۇشبۇ سائەتتە بېگىم،
سۆز بۇقولنىڭ ئەرزىنى سەن شۇ بۇ ھالەتتە بېگىم،
يېزا ئەردى ئولتۇراقىم كوھنا ھالەتتە بېگىم،
كەلدى ئىشىگىڭگە بۇقۇلىڭ خىجالەتتە بېگىم،
كىرگەن ئالۋاڭغا ئۆزۈم بۇرناقى سائەتتە بېگىم.

بەگلىرىدىم كەلسە تۇرارمەن ئالدىدا مەن قول باغلاپ،
ئېيتىمەن ياخشى پولوقوي يېغىنى كوپ داغلاپ،
ھەم تاماكۇ سالىمەن بەككە مۇزاجىن (1) چاغلاپ،
سىخ كاۋابى قىلىمەن بەگنىڭ كېلىشىن ئاڭلاپ،
بەللىرىدىم دالدەك (2) ئىگىلدى بۇ خوشامەتتە بېگىم.

ياشلىغىمدا تولا قابىل بىر يىگىت ئەردىم زىبا،
قۇۋۋەتىم بارچاغدا مەن تاپىپ ئەردىم مال-دۇنيا،
پۇل تۇگەپ ئەردى كىشىلەر كوزىگە ئىلماس ھالا، (3)
دەۋلىتىم بارىدە مەن ياخشى ئاتالغان دانا،
ئولزامانىدا يۈرەر ئەردىمكى پاراغەتتە بېگىم.

خوش ئۇلۇغ دولەت ئىكەن ئادەمگە بۇ ياشلىق،
ياشلىغىمدا ئالۇر ئەردىم دۇۋە-دۇۋلەپ ئاشلىق،
ھەممە يەرنى قىلۇر ئەردىم كۆزگە ھەم زىغىر، ماشلىق،
بەزى يەر ئارپا، قوناق، بەزىسى بىنام-تاشلىق،
مەن يىغار ئەردىم يىمەلىك ئۇشبۇ سۆرەتتە بېگىم.

---

(1) مۇزاجىن — مىجەزى، تاۋى. (2) دالدەك — «د» ھەرپىدەك. (3) ھالا — ھالا بۇ گۈنكى كۈندە.

ئولمەھەلدە يوق ئىدى ماڭا ئەلنىڭ تاۋانى،
ئۇقاتتىم ئىلگىرى كەلگەچ ياخشى قىلغان قاۋانى،(1)
ئىشىك ئالدىدا كۆرەردىم نەچچە قويى ۋەكالانى،
ئىچەشىم چاي بىلە قايماق يەرئىدىم قاتلىمانى،
ئەمدى يوق زاغراماڭا، ئۇشبۇ ھالەتتە يىگىم.

كەلسەمىھمان ئۆيىمىزگە ئولتۇرەرئىدىم پاقلان،
قىلغان ئۈچۈن خىزمەتىمنى قانچە دۇئاسىن ئالغان،
قىرىدىم نەچچە مەھەل بولدى كۆچۈمدىن قالغان،
نانىمىز يوق يېگىلى يالىدۇق بۇدەم تالقان،
بولدى قاتتىق كۈنىمىز ئۇشبۇ سۈرەتتە يىگىم.

بەللىرىم بولدى دۇتار يول ماڭۇرمەن ئىگىلىشىپ،
ئۈرەتۇرماقنى خىيال قىلسامۇ دىلدە كېلىشىپ،
ناگىھان تۇرسام ئۈرە سايەگە ئوخشاش لىڭىشىپ،
يۆتىلۈشۈپ يەرگە يىقىلسام ياتۇرمەن غىڭىشىپ،
تېخى ئالۋان بېرىمەن مۇشۇ ھالەتتە يىگىم.

ئۆي-سەرەمجانىم ئىرۇرئىككى سۆۋەت، بىرخاپان،
ھېيتتاكە يەمەگىلىك ئۈچۈن بار كوھنا(2) ياماغلىق چاپان،
تەگمىدى نەچچە مەھەل بولدى ئوتتۇك، كەشكە تاپان،
ئانچە يېرىلدى ئاياغ دائىم يالاڭىياغ يۈرۈبان،
ئۆمرۈمىز يۆتتى شۇ بەگلىغ دەرت-پالاكەتتە يىگىم.

ئون بېشى، يۈزباشىمىز ئالۋان ئېلىپ تىنىمايدۇ،
پۇل بىرىلىك دەيدۇ، ئۇرۇپ، ئالمىغۇنچە قويمايدۇ،
دورغالەر بەزى كېلىپ قامچى بىلەن قوغلايدۇ،
يالۋۇرۇپ «ئەپۇ...؟» دېسەم قوللىرىمنى باغلايدۇ،
مەن توغۇلغانىغا پۇشايمان ھەم نادامەتتە يىگىم.

ئالتە پارچە يېرىمىز بار، ئۇ، تىرىيالماي بىنام،
بەش ئېتىزچە ئۆيىمىز بار، ئولتۇرغىلى ئۆيكام،
ئەتىدىگەن ناشتىمدا نان يوق، بەي دىگەندە سۇيىخام،
لاجەرەم بولسا ئەگەر نان يۈزى كويۈك ئۆلىخام،
قاتتى تەگلىكتە بېشىم ئۇشبۇ پالاكەتتە يىگىم.

---

(1) قاۋا — تام.    (2) كوھنا — كونا، يىرتىلغان.

قالمىدى مەندە ئىشەك، ئات، قوي، كالا، ئەچكۈ، ئۇلاغ،
تۈگمە، مونچاق كۆچمىز (1) دە تۈگىدى ھەم ساچ باغ، (2)
مېيۋىسىز قالدى دەرەخلەر قۇرىدى ھەم باغ-ئاراغ،
كەتتى ئالۋانغا تامامى قالمىدى بىزدە پىراغ، (3)
ياخشى ۋەسپىڭنى قىلالمايمەن ئىبادەتتە بېگىم.

ئويىمىزدە كۆچمىز نىڭ خوش چىرايلىق ئېپى بار،
توشىدە كوڭلەكى يوق ئەككى قۇمۇشچە يەپى بار،
مەن ئۇنى نۇرۇز (4) غىنچە يۇمغاق (5) ئېتەي دەپ گېپى بار،
ھېچنىمەڭ قالمىدى دەپ كۆندەماڭا مىننەتى بار،
ئەمدى سەندىن چىقمەن (6) دەپ بوسىيا سەتتە بېگىم.

ئەل بۇھالىمنى كورۇپ ئىشقىمۇ ھەم ئالمىغۇدەك،
كۆندە بىرزاغرا بېرىپ كارىغىمۇ (7) سالمىغۇدەك،
يولى يوقنىڭ بۇ زاماندە رونالى ھەم بولمىغۇدەك،
قاچسا دولەت كىشىدىن ئابرويىمۇ قالمىغۇدەك،
تەلەپ ئەتتىم كېچەلەرى كوپ مۇزارەتدە (8) بېگىم.

كەيگەلى يازنىڭ كۆنى يوقتۇر يارىشا بىر كوڭلەك،
كەلسە ئالۋان خەۋىرى بەكمۇ پولاڭلايدۇ يۈرەك،
بالا-بارقام تولادۇر باقمىدى بىزگە پەلەك،
رەھىم-شەپقەت ئېتمىشىڭدۇر ساڭا بۇ بىزدىن تىلەك،
كەتكۈدەكمىز بۇجاھاندىن شۇپالاكەتتە بېگىم.

بىر قىزىم بار، ئۇ قىزىمنىڭ ئالدىدا بەش بالىسى،
بالىلەر بولدى يېتىم، ئولدى ئۇلارنىڭ ئاتىسى،
بالىلار ھوددەسىدىن چىقمىدى ئۇنىڭ ئانىسى،
كېچىگى نانىنى يېيەلمەس، كار قىلالماس ئاكىسى،
نەۋرىلەر بولدى پارامۇش بۇھالاكەتتە بېگىم.

---

(1) كۆچمىز-ئايالىمىز (خوتۇنۇم) (2) ساچ باغ- خوتۇن - قىزلارنىڭ زىننەت بويۇمى (3) پىراغ-پاراغەت (4) نورۇز-بورۇندا ئوتكۈزۈلىدىغان باھار بايرىمى (5) يۇمغاق-خام توقۇشقا تەييارلانغان يىپ (6) سەندىن چىقمەن-ئاجرىشىپ كېتىمەن (7) كارى-ئىش، (8) مۇزارەت:-؟

كوھنا تاملىق ئۆيىمىز يوق سالغىلى بىزگە پالاس،
ھەممە ئالۋانغا كېتىپ زىلچى-گىلەم پۈتتى خالاس،
نازەنىن قىزئۇ-ئوغۇللار بولدى قاشاق ھەم ئىپلاس، (2)
گۆلە، قاقنى تالىشۇر، قەن كەبى نۆقلە گىلاس،
تەڭرىگە شۈكرى قىلۇرمىز بۇ ھالاۋەتتە بېگىم.

بورا يوق سالاي دەسەك شال پالانىنى سالدۇق،
زىلچى ئورنىغا چاپانىنىڭ كوھنا مازىنى سالدۇق،
تۆكەنىڭ جەزلىكىدىن ئويگەرىجەسكەر (3) سالدۇق،
ياپقىلى يوتقانىمىز يوق بەزى يالىڭاچ قالدۇق،
بۇنىڭ ئەجرىنى كورەرمىز تاڭلا-قىيامەتتە بېگىم.

خاتۇنۇم دەيدۇ: گاداي، پۇل تۆكىدى ئەڭلىككە،
بۇمالامەتكە تۇرالماي قاچىمەن ساي-كەڭلىككە،
قىلاي ئەرزىمنى باياشۇ قارىقاش بەگلىككە،
داد-ھالىمنى توكەيمىڭ بېشى ھەم بەگلىككە،
رەھىم قىلغايمۇ بۇقولغا كوپ ئادالەتتە بېگىم!.

بۇدۇۋان بەگلەرقويار پاشىغا پىلىنىڭ يۈكىنى،
كوتىرەلەمدۇ بېگىم پاشا ئۇ پىلىنىڭ تۆكىنى؟،
ھەم تېپىلغايمۇ ئولۇم ئاھ، ئاھ! خۇدا يىم ئۆكۈنى،
ھېچ ئىلاج تاپمىدى دىلبەر ئەرزقىلماي بۇكۈنى،
بوسە بەپ يىغلىما قىمىغا شۇبۇ پۇرسەتتە بېگىم.

ئىككى يۈزباش، ئالتە ئونباش، يەنە ھەم مىڭباشىمىز،
بەرمىدى ماڭا ئامان قاتتى بۇدەمدە باشىمىز،
كەتتى دولەت باشىمىزدىن كويدى ئىچ ۋە تاشىمىز،
تۈنۈ-كۈن ئاقتى بولۇپ قان كوزدىمىزدىن ياشىمىز،
ھېچ ۋاقىت ئوتمىدى ئومرۇم بىرھالاۋەت-تە بېگىم،

ئوي-سەرەمجان ھەممىسى ئىككى كەتمەن، بىر پالتى،
ئۇنى ھەم يۈزباشلەر پۇلغا ھىساپلاپ ئالدى،
ئونباشى ئېلىپ كەتكەچ نەداڭقان، قازانقالدى؟،
قېرىندۇق، پۇل تۆگىدى، بىزنى بۇئالۋان چالدى (4)،
سەندىن ئۈمىد: باقماڭا بىر رەھمە-شەپقەتتە بېگىم!

(1) پارامۇش—ئىچى پۇشۇق (2) ئىپلاس:—پاسكىنا (3) رىجەسكەر:—؟ (4) چالدى—ھالدىن كەتكۈزدى

# شائىر موللانىيازنىڭ

# «ئەرزنامە» ماۋزۇلۇق شېئىرى توغرىسىدا

خوتەن — تارىختىن بۇيان ئىسمى-جىسمىغا لايىق يىپەك يۇرتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە شائىرلار ماكانىدۇر.

خوتەن يىپىكى مىڭ يىللاردىن بېرى جاھان بازىرىدا شوھرەت قازىنىپ كەلگەنىگە ئوخشاش، خوتەن شائىرلىرىمۇ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋە سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن دىققەتكە سازاۋەردۇر. مانا شۇ مول ھوسۇللۇق شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى خوتەنىنىڭ چىرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق چاقار تېغىدا تۇغۇلغان ئىلغار پىكىرلىك شائىر موللانىيازدۇر. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرى بىزگە ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان ئانا يۇرتى ۋە كىمنىڭ پەرزەندىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرەلەيدۇ:

...ئانا مۇلكىم خوتەن چاقار تېغى،
تۇت ئىمامالار مۇھەببى مەن داغى.

قارى سابىر كىچىك ئوغلىمىشمەن،
زەئىپ ۋە ناتاۋان تۇغۇلمىشمەن.

يېشىم ئالتە-يەتتىگە يەتمىش،
بەۋاپا دۇنيادىن ئاتام كەتمىش....

شائىرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات ئەتكەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، لېكىن سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىدە يەنى 16-ئەسىردە خوتەندە ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان دەپ پەرەز قىلالايمىز.

«ئەرزنامە» ئېرىدىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلمىشى بىلەن ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر مەزلۇمەنىڭ تىلىدىن يېزىلغان بولۇپ، شېئىرنىڭ تىلى ئىنتايىن چۈچۈك، ئىخچام، ئۆتكۈر ھەمدە ئاممىباپ، ئوخشۇتۇشلىرى ئىنتايىن گۈزەل، ئوبرازلىق ھەمدە توغرا. بۇلار شائىرنىڭ شېئىرىيەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىسپات ئەتسە، شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى شائىرنىڭ ئىلغار پىكىرلىك تەرەققىپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى، فېئودالىق زۇلۇمىغا نەقەدەر ئۆچ ئىكەنلىكىنى، خەلقنى گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت، ۋاپا-ساداقەت، ۋىجدان-ئىنساپقا چاقىرىشتا رىياسىز پىكىر قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىسپات ئېتىدۇ. بولۇپمۇ شېئىرنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شائىر موللانىياز بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئاياللارنى قۇل، مال ئورنىدا كۆرىدىغان، ئاياللارغا ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئورۇن بەرمەيدىغان فېئودالىق ئەرلىك ھوقۇقى تۈزۈمىگە قارشى ئىسيان كۆتىرىپ، ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىلغار پىكىرلىك شائىر موللانىيازنى ئوتتۇرا ئەسىر دېموكراتىزىمچىسى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

**ئابلەت ئابباس قۇربانى**

# ئەرزنامە

## (بىر خاتۇنلىڭ خوتەن ھاكىمىغا تۇتقان ئەرزى)

موللا نىياز

ئىشىككە كېلىپتۇ بىر قېرى پىرىدزەن (1)
بۇدادىمغا يەتكىل ئەمرزادە(2) سەن.

ئۇزەم بىۋە (3)، ئاجىز ھەم ئەر يوق ماڭا،
كېلىپ، دادخالىق قىلىپمەن ساڭا.

ئەي، ئەي پاتىشايىم بۇدادىمغا يەت،
ئەجەپ دەرتتە دزرەن بۇھالىمغا يەت.

خۇداھورمىتى سەن بۇئەرزىمنى سور،
پالاكەتكە چۈشكەن بۇ ھالىمنى كور!

ھەممە ئەرش كۇرسى، بىھەققى پەلەك،
يىتىم، بىۋە ھالىنى سورماق كېرەك.

قېرىدەپ مېنى قويدى(4)، ئالدى جۇۋان،
گادايلىق قىلۇرمەن تىلەپ ئاشۇ-نان.

دادام يوق، ئانام يوق يېتىممەن-خوتۇن،
يەمەككە ئېشىم يوق، قالۇرغە ئوتۇن.

بارۇرغە يېرىم يوق، قېتىپتۇر بېشىم،
كى دەريا سۇيىدەك ئېقىپتۇر يېشىم.

ئېغىر بوي ئىدىم مەن قوساقتا بالام،
سۇتۇم يوق يەنەھەم ساغارغا كالام.

بۇئادەمگە تەككەندەمەن ياش ئىدىم،
ئاجايىپ چىرايلىق قەلەمقاش ئىدىم.

ئىدى ئەمچەكىم توم، قىزىل ئالمىدەك،
ئىزىپ تاشلىدى ھەم قىلىپ خالتىدەك.

لەۋىم لەئلى يەڭلىغ قەلەمقاش ئىدىم،
جۇۋان-جۇردىلەرگە پەقىر باش ئىدىم.

كى بىلمەي بۇ ئەسكى گادايغا تېگىپ،
خوتۇن قىلدى، تۇردۇم بويۇننى ئېگىپ.

يىگىرمە ئىككى يىل بولۇپ بىر ئويدە بىز،
تېپىپ بەش بالا- ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز.

زاماندىن يېتىپتۇر قېرىلىق ماڭا،
بۇھالەتتە مەن ئەرزىمە پەن ئاڭا.

دىدى: ھەي قېرى! بۇ ساقالىمغا باق،
ساقالىم قارادۇر، باشىڭ بولدى ئاق.

چىشىڭ ھەم چۈشۈپتۇر بولۇپسەن قېرى،
خوشۇم يوق چىقىپ كەت كوزۇمدىن نېرى

قىلىپ كوپ زۇلۇم ماڭا، چىقاردى ئۇرۇپ،
ئېلىپ بىر ئوچۇمنى دىخلاپ سۇرۇپ.

سېلىپ ئىشقا قىلغان مېنى مازكەبى،
چىقاردى سويۇپ يەنە پىيازكەبى.

ئەقىدە قىلىپ ئىشلەدىم رۇزى-شەب، (5)
كېچە يىغلادىم، رىزقى ھەققىن تىلەپ.

كى قىش-يازۇ ئىشلەپ قاپاردى قولۇم،
بىكارغا كېتەرمۇ بۇ تاپقان پۇلۇم؟

ئۇلۇغ ھاكىم ۋە پاتشايىمغا (6) دات،
ئادالەت قىلىپ ئەيلە كوڭلۇمنى شات

ئېتىپ ئەدلە (7) بۇئەرزۇ ھالىمنى سور،
قىلىپ كەتمىسۇن زۇلۇم ئاجىزغا زور.

### كىچىك لۇغەت

(1) پىرىدزەن-قېرى ئايال (2) ئەمرزادە- ئەمر قىلغۇچى، ئەمر، (3) بىۋە-تۇل (4) قويدى-قويۇۋەتتى، (نىكادىن ئاجرىشىپ كەتتى)

(5) روزى شەب- كېچە-كۈندۈز.

(6) پاتشىم- پادىشاھىم (گۇناكارنى سوراق-لىغۇچى). (7) ئەدلە- ئادالەت، ھەققانىيەت.



# خوتەن ھەققىدە ناخشىلار

## ئىككى شېئىر

ئابدىرېھىم سىدىق

### بارىكاللا! ساڭا «قاشتېشى»

(«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنى كۆرگەندىن كېيىن)

بارىكاللا! «قاشتېشى» مەپتۇن بولۇپ قالدىم ساڭا،
سەندىكى رەڭدار چېچەك روھى ئۇزۇق بەرگەچ ماڭا.
ھەرگۈلۈڭ جۇلالىنىپ تۇرغاچ ئېسىل پۇراق چېچىپ،
پۇرۇدۇم تويماي ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قولغا ئېلىپ،
سەندە سايراپتۇ راسا بۇلبۇللۇرۇڭ خەندان ئۇرۇپ.
نەۋباھاردىن نۇر ئېمىپ، كەتكەچ دىلى ھوزۇرلۇنۇپ.
تارىلىپ كەتتى ئىلى، تارىم ئارا داڭقىڭ سېنىڭ.
ياڭرىدى ناخشا بولۇپ قوچقان شەرەپ-شانىڭ سېنىڭ.
سەن ئىجات گۈلزارىدا تۇلپار بولۇپ چاپماقتىسەن،
بال تۆكۈپ دەۋرىم ئۈچۈن زور تۆھپىلەر قاتماقتىسەن،
بارىكاللا ئېيتىدۇ ئاقسۇدىكى خەلقىم ساڭا،
مەنمۇ ھەم يازدىم سالام چىن تەلپۈنۈپ قەلبىم ساڭا.

### گىلەمنى كۆرسەم...

گىلىمىڭ جاھانغا داڭلىقتۇر خوتەن،
ئۇنىڭغا مەرت خەلقىڭ قان-تەرى سىڭگەچ.
چاقنىتار كۆزۈمنى رەڭگا-رەڭ نۇسقا،
سەن ئاڭا ئىجاتىنىڭ گۈلىنى تەرگەچ.

ئۆيۈمدە ئېسىغلىق گىلەمنى كۆرسەم،
ھوسنۇڭنى كۆرگەندەك بولىمەن خوتەن.
قايىل بوپ قولى گۈل ئىشچىلىرىڭغا،
ئالەمچە شاتلىققا تولىمەن خوتەن.

گىلەمدىن ئايالدۇر ئايدەك جامالىڭ،
ئەزەلدىن سەن گۈزەل سەنئەت ماھىرى.
كۆيلىدى شەنىڭنى قېتىمپ نەزمىگە،
ۋەتەنىنىڭ ئوت يۈرەك تۇمەن شائىرى.

مەنمۇ ھەم كۆيلەيمەن سېنى زوق بىلەن،
چۈنكى سەن ۋەتەنىنىڭ قىزىل گۈلىسەن.
ۋەتەننى ئوخشا تسام ئالتۇن ئۈزۈككە،
سەن ئۇنىڭ چىرايلىق ياقۇت كۆزىسەن.
ئاقسۇ

# شېئىرلار

توختاش بەكرى

## خوتەن ۋادىسى

پەسىل ئاتلاپ كەلسە باھار يۇرتىمىزغا،
باغلار تولار باھارقۇشى- ئۇماقلارغا.
كۆزكەلگەندە سورەنچىلەر جىمىپ قالار،
كېتىپ قالار قانات قېقىپ ئۇزاقلارغا.

بىلسەم ئەندى قۇشلار نىڭ مەن سەپىرىنى،
بارار ئىكەن گۈزەل خوتەن ۋادىسىغا.
ئادەم تولغول، جاھان تولغول، شۇ قۇشلارمۇ-
ئاشىق بوپتۇ، خوتەنلىكنىڭ زىلچىسىغا.

جانىۋارلار كېتەلمەس بوپ قاپتۇ ئەگىپ،
تۇت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە گۈل دىياردىن.
قابرىكىسى، كوچىلىرى، ھويلىلىرى،
دېرەك بېرىپ تۇرغاچ دائىم نەۋباھاردىن.

قۇياش ھەتتا ھەركەچلىكى ئۇزىغاندا،
شەپەقلەرنى شۇ خوتەندىن ئالار ئىكەن.
تاۋار، ئەتلەس، زىلچىلاردىن شەپەق ياساپ،
تاغ- ئىدىرغا ئۇپۇقلارغا، يايار ئىكەن.

## كور گۆم كېلۇر

گۈزەل خوتەن قۇچىقىدا يۇرگۈم كېلۇر،
ناخشا- ئۇسۇل قايىنىمىغا چومگۈم كېلۇر.
پەرھا تلىرىڭ، شىرىنلىرىڭ بەزمىسىدە،
گۈل سۇنۇشۇپ، قۇچاغلىشىپ كۇلگۈم كېلۇر.

ئېپار ھىدلىق جەننەتكەبى باغلىرىڭدىن،
شىرىن- شەرۋەت مىۋىلەرنى ئۈزگۈم كېلۇر.
زىلچىلەردە گۈلچىمەنلەر بەرپا قىلغان،
ئالتۇن قوللار پەنجىسىنى سۆيگۈم كېلۇر.

ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاشتا غۇلاچ تاشلاپ،
نۇرچاقنىغان قاشتېشىنى سۈزگۈم كېلۇر.
شايى- سېپەك، گىلەم، ئەتلەس ۋادىسى سەن،
مەرىپەتلىك دىيارىڭنى كورگۈم كېلۇر.

دىخانلىرىڭ كەشتە باسقان ئېتىزىڭنىڭ،
ئاپتۇۋىدا راھەتلىنىپ كويگۈم كېلۇر.
نەپىس سەنئەت، گۈلۋە كۈيىنىڭ بۆشۈگى سەن،
تۇپرىقىڭنى كوزلىرىمگە سۇرگۈم كېلۇر.
غۇلجا

## ئىككى يۇرت ئىشقى

تومۇر ئېزىز

ئاتا مېھرى، ئانا مېھرى، بىلىمنىڭ مېھرىگە يەتمەس،
بىلىم سويگەن ئوغۇل ھەرگىز ئۇنى دىلدىن تەرك ئەتمەس.

بىلىم تەشناسىدا كەلدىم بېسىپ مىڭلى يىراق يولنى،
گۈزەل يۇرتۇم قۇمۇل تۇتتى ماڭا يوللۇق قىلىپ گۈلنى.
ئۇزاتقاندا مېنى شانلىق سەپەرگە بارچە يۇرت ئەھلى،
ئىدى ھەرياق چېچەكلەرگە كۆمۈلگەن نەۋباھار پەسلى.
دىدى دوستى- يارانلار شات: خوتەن ئەسلى بىلىم كانى،
يېزىلغاندۇر قەدىم تارىخ بېتىگە ھورمىتى-شانى.
يىپەك-ئەتلەس بىلەن قوشقان جاھانغا شانۇ-شەۋكەتنى،
كۆرەرسەن ئۇندا ھەر ئىنسان دىلىدىن ياخشى خىسلەتنى.
يۈرۈڭقاش بويىدىن ھەر تاڭ ناۋا- ناخشا جاراڭلايدۇ،
بولۇپ مەپتۇن ئاڭا بۇلبۇل تۇرۇپ ھۆرمەتتە ئاڭلايدۇ.
چۆمۈلگىن قاشتېشى چىققان سۈيى زۇمرەت يۈرۈڭقاشقا،
سالام ئېيتقىن قۇمۇللۇقتىن قولى گۈلدار قەلەمقاشقا.
بۇ سوزلەرنى تىڭشەپ دىلغا، قولۇم كوك-ۋۇمدە مەن كەلدىم،
كۆلۈپ ئارزۇ، بېغىمغا ھەر سەھەرلەر گۈل-چېچەك تەردىم.
قۇچاق ئاچتى ماڭا ئىللىق بۇ يۇرتنىڭ خەلقى مەردانى،
كۆرۈندى ئۆز ئۆيۈم ئوخشاش ئەجەپ ئىسسىق بىلىم كانى.
ئېلىپ كوپلەپ بىلىم، دوستى-يارانى قىلىمەن رازى،
ئەگەر كەلسەم جاپاغا دۇچ بوشاشماي بىر ئومۇر زادى.
ئۇزۇلمەيدۇ خوتەنگە چىلڭ چىگىلگەن چىن كۆڭۈل رىشتىم،
نە ئارمان قالسا ئىز بۇندا، قومۇلغا مەن يېنىپ كەتسەم!؟...

## يۇرتۇم

ئىدرىس مەتسىيىت

بېغى جەننەت، سۈيى شەرۋەت، ھاۋاسى پاك ئانا يۇرتۇم،
سابا سويگەچكە مەگزىڭدىن بولەك تاپتىڭ داۋا يۇرتۇم.
چېچەكلىغاچقا نۇرى تاڭنىڭ كۆلۈپ ھوسنى چىراي ئاچتىڭ،
قۇچاغىڭدا ئېچىلدى ئۆز گۈلۈڭ كوركەم مانا يۇرتۇم.
ساڭا باقسام سەھەر ئاخشام، يۈرۈگۈمدىن تاشار ناخشام،
جاراڭلايدۇ گۈلۈستانىڭ ئارا نەغمە- ناۋا يۇرتۇم.
گۈزەل رۇخسار چىرايىڭغا يېنىشلاپ باقىمەن ھەردەم،
بولۇپ شەيدا چىگىلدى چىڭ يۈرەك رىشتىم ساڭا يۇرتۇم.
ئۇلۇغ كومپارتىيە بەردى يېڭى پەرمان جاسارەتنى،
ئۇزۇپ ماڭغىن سەپەرلەردە قۇچۇپ غەلىبە يانا يۇرتۇم.

# شېئىرلار

مەمتىمىن بارى

## ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

قەلىمىم تىنىم تاپماي يورغىلايدۇ،
ھېچ كىشى يازدەپ مېنى زورلىمايدۇ.
سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنى كۈيلەش ئۈچۈن،
سەيا بوپ يۈرەك قېنىم جۇشقۇنلايدۇ.

ۋەتىنىم قۇچىقىغا سالسام نەزەر،
تەپەككۇر ھىسياتىم لىرىك شېئىر.
ھەر گىيا، ھەربىر ياپراق مۆجىزىلەر،
بىر ئۆمۈر يازسام پۈتمەس ئۇتلۇق پىكىر.

بېسىلماي قالسا مەيلى شېئىرلىرىم،
قولۇمغا قەلەم ئالغان ھەۋەسكارمەن.
كۈيلەيمەن ۋەتىنىمنى ئۆمۈرۋايەت،
گەر قوشسام قەترە تۆھپە بەختىيارمەن.

## دوستۇمغا

ئۆزۈن يىللىق ساۋاقداش ئىدۇق،
بىر پارتىدا ئولتۇرغان بىللە.
مۆجىزىدەك ئۆزگۈرۈپ قاپتۇ،
ئۆتۈش بىلەن يىل ۋەئاي-كۈنلەر.

ئەجەپلەندىم خۇي-پەيلىڭىزنىڭ
شۇنچىۋالا ئۆزگەرگىنىگە.
باغلىنىشلىق ئىكەن ئۆزگىرىش—
ئورنىڭىزنىڭ ئۆسكەنلىكىگە.

ۋەزىپىڭىز ئۆسكەن بولسىمۇ،
يەنىلا ئۇ خەلق خىزمىتى.
يوقاتسىڭىز ياخشى خىسلەتنى،
ياغار ئەلنىڭ سىزگە نەپرىتى.

دوستۇم شۇڭا يوقتۇرۇپ ئالغان
تورىچىلىك-كىبىرنى تاشلاڭ.
يېتىش ئۈچۈن دەردىگە ئەلنىڭ
كەمتەرلىكتىن ئىشنى سىز باشلاڭ.

## باھار ناخشىسى

گۈل-چېچەكلەر زىننەت بېرىپ باھارغا،
قىش ئورنىنى ئىللىق چىراي ياز ئالدى.
دېھقان ئاكام يەڭلىرىنى شىمايلاپ،
ناخشا ئېيتىپ ئېتىزلارغا يول سالدى.

قاتار-قاتار سەپ تۈزىشىپ تۇرنىلار،
كۆك ئاسماندا خۇشال قانات قېقىشتى.
ئۆستەڭلەردە ئۆركەش ياساپ سۈزۈك سۇ،
مايسىلارغا خۇددى قان بوپ ئېقىشتى.

گۈل-چېچەككە پۈركىنىپ باغ-ئورۈكلەر،
كېپىنەكنى چاقىرىشتى سەيلىگە.
سوقا-ساپان، ھارۋىلارنىڭ ئۈنلىرى،
كەڭ زېمىننى سالدى گويا لەرزىگە.

بەسلىشىشكە ۋەدىلەشكەن قىز-يىگىت
يەڭ شىمايلاپ ئېتىزلارغا مېڭىشتى.
ئورۇنلاشقا قويغان تەلەپ-شەرتىنى،
ئىش-ئەمگەككە بەلنى باغلاپ كىرىشتى.

قىزىپ كەتتى ئېتىزلاردا تىرىلغۇ،
(تىرىدىم-تىكىم مايسىلارنىڭ پەرۋىشى.)
ئوغۇت توكۈپ، ئۆسىنغانىغا سۇ بېرىپ،
دەم ئېلىشتا شوخ باھارنىڭ ناخشىسى.

مۇنبەت دالا كىمخاپ تونغا پۈركىنىپ،
ئەمگەكچىگە «ئاپىرىن» دەپ كۈلۈشتى.
تىراكتورلار مەلىلەردە گۈكىرەپ،
گۈللەش ئۈچۈن ۋادىلارغا چېپىشتى.

كومپارتىيەم بەخش ئەتكەن باھارنىڭ
جەننىتى بۇ، گۈلزارى بۇ، يازى بۇ.
مەڭگۈ سولماس شۇ گۈزەللىك، شۇ باھار،
ئازات ئەمگەك گۈل كەلتۈرگەن دەۋرى بۇ.

# ئۆچراشتىم

(بىر ئازغۇننىڭ سەرگۈزەشتىسى)

ئابدۇغېنى سېيىت

ئۆزەمنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ پېشكەلگە ئۆچراشتىم،
ھىجايسا بىرسى سوزتاشلاپ دېدىم: «ھەسەل»گە ئۆچراشتىم،
كۆچەپ نەس-شۇر زۇۋانىمغا لايىق بەدەلگە ئۆچراشتىم،
پېلىشتىم نەچچە رەت، قوپتۇم سىناق- ئۆتكەلگە ئۆچراشتىم.
قېلىپ كۆلكىگە ئاقىۋەت مازاق- مەسەلگە ئۆچراشتىم،

خۇتۇن پۇرۇچلۇق قىلدىم ئالتە ئايدا بىرنى يەڭگۈشلەپ،
بىرىنى «توك» دېدىم، بىرىنى «سورەم»، بىرىنى «بەشكەپ(1)»،
ئالايدىم، دوق قىلدىم قەدەمدە بىرنى سىلكۈشلەپ،
تاپالماي ئۆيۈمنى، كوچاكېزىپ لىۋدىمنى پەلكۈشلەپ،
ئۆزەمنىڭ شىررى دەي، ئازازۇل تىجمەلگە ئۆچراشتىم.

ئەلچىمىز بولدۇم خالىس قىز-يىگىتلەرنى ئۆيلەي دەپ،
تېپىپ شوھرەت، ساۋاپلىق ئاخىرەتتە كۆللەي، دەپ،
قاتنىدىم ماقۇل كەپتىمۇ جاۋابىنى سۆيلەي، دەپ،
چۈشتۈم ئارىغا چىقسا چاتاق ئادەم بولماي(ئۆلەي) دەپ،
بولدى تولا باش-چىش ئاغرىغى، جىدەلگە ئۆچراشتىم.

نەسەھەت ئاڭلىماي ئەسلا بەتخەجلىكنى پەرىز قىلدىم؛
باھاركە نىمەستە تومۇز، يازغا تاقاپ قەرىز قىلدىم،
بۇزۇپ-چاچتىم، ئاخماقلىقنى ئادەت، تەرىز قىلدىم،
ئۆرۈشتۈم- قاش-قاپاق ياردىم، باشلىققا ئەرز قىلدىم،
سارغايدىم-يەرگە باقتىم، تولاقەرەلگە ئۆچراشتىم،

چېغىر يول ئىزدىدىم- رەستىمدە يامان گەپ ھاركەلدى،
قېچىشتى دوستلىرىم دىبان ئۆنىڭ ئەمالى خاركەلدى،
قىزاردىم- لەت يېدىم قانچە، دىلىمدىن يىغا-زاركەلدى،
نىتەي... ئاسمان ئىگىز، يۇرت ئىچى ماڭاخوپ تاركەلدى،
ئۆزەم تاپقان بالادىن داۋاسىز كېسەلگە ئۆچراشتىم.

(1) بەشكەپ— تىجەشسىز، ئىسراپخور مەنىسىدە.

نەسىۋە ئىزدىدىم گاھى، ئامال قالماي خوشامەتتىن،
قېتىلدىم سوقۇنۇپ سەپكە تاماقىپ ئەيش- راھەتتىن.
ھەزەرقىلدى جېمىسى مەندىكى ئىللەت - نىجاسەتتىن،
يىدىم دەككە، قېلىپ چەتتە خالاس بولماي ئاھانەتتىن.
جامائەت ئاغزىدا ئاخىر مەسخىرە-غەزەلگە ئۇچراشتىم،

ئوتتى يىللار روناق تاپماي ھوجرامدىن قويۇن ئۇچتى،
ئىز يىرتقا موساپىرمەن بېشىمغا عوسسە- غەم چۈشتى.
قاچتى دىلىمدىن شاتلىق ئەجەپ دەردۇ-پىغان قۇچتى،
ئىبرەت ئالغاي بۇكەچمىشتىن يارانلار جەددىيۇ-پۇشتى.
بىساتىم شۇ-بىر تۇتام تەمەچ - سەمەلگە ئۇچراشتىم.

خالايىق، فەندىيات! قوبۇل ئەت بۇ نەسىھەتنى،
يولاتما ئۆزەڭگە ھېچ ماڭا ياققان غەزىنەتنى.
يولۇڭنى پەم بىلەن چامدا، چۈشەن ھەردەم ۋەزىيەتنى،
ۋاپالىق ئاشنا بىلگىن ئاۋام سويگەن پەزىلەتنى.
ۋەسىيەت، خەيرىيەت! كەتتىم، ئەجەلگە ئۇچراشتىم.

# شائىرغا

ئابدۇللا مەتقۇربان

ئا ياشائىر، بۇندىن ئون يىل مۇقەددەم،
كورگەن ئىدىم ئىسمىڭىزنى گېزىتتە.
ئوقۇغانىتىم شېئىرىڭىزنى زوقلۇنۇپ،
مىسرالارنى يادلىغانىتىم ئىززەتتە.

شۇندىن بۇبان «فونتان» دىگەن تەخەللۇس،
تونۇش ماڭا گېزىت- ژورنال يۈزىدە.
ئويلىغانىتىم فونتان كەبى ھىسسىيات،
باردۇر بەلكى بۇ شائىرنىڭ ئۆزىدە.

مەن ئېيتاي يۈز خاتىرسىز ئەي شائىر:
شېئىرىڭىزدا نە ۋەزىن، نە تۇراق بار؟
سىز ياسىغان ئەشۇ شېئىردىيى چىمەندە،
ئېيتىڭا، قاي بىر گۈلچىلىك پۇراق بار؟

شەكىل دىسە نەسىرچىدىن پەرقىڭىز،
ئۆزۈلدۈرمەي قاپىيەلا تىزىسىز.
قەرزدارمۇ قاپىيەدىن بىرسىگە،
باش كوتەرمەي سىزنىقلارغا تىزىسىز.؟

ۋەزخان كەبى بۇ شېئىردا «دوستۇمغا»
دەپ يازىسىز ئايىغى يوق نەسىھەت.
گەر يازسىڭىز ئاتىلارنىڭ تىلىدىن،
تولۇپ كىتەر شۇ مەزمۇندا نەچچە بەت.

ئۇ گېزىتكە چىقسا بىرەر شېئىرىڭىز،
سىز بىر ئاكا، مەۋزۇيىڭىز- «ئىنىسىمغا»؛
بۇ ژورنالغا بېسىلسا گەر بىر سىڭىل،
سىز بىر ھەدە، تىمىسىچۇ؟— «سىڭلىمغا».

سىز بىلەمسىز، تاشنى-تاشقا ئۇرسىمۇ،
چاقنايدىغۇ ياكى ئوچقۇن ياكى نۇر.
يارالمىشتىن بۇ خىسلەت يوق چالمىدا،
چۈنكى چالما باشقا مەزمۇن ئالغاندۇر.

قىسقا سۆزۈم قەھرى ياكى زەھرى يوق،
قۇرۇق شېئىرنى يازمىسىڭىز بولمامدۇ؟
جاپا تارتىپ تۇتى قۇشتەك بولغىچە،
بوز تورغايچە ياشىسىڭىز بولمامدۇ؟!

# ئۆلاچى

تۇرسۇنمەت ھۈسەيىن

گۈزەل تاغ باغرىدا ياتقان ئۆلاچى(1)،
يېڭىدىن شېئىر قوشاق قاتقان ئۆلاچى.
قومۇزنى سايرىتىپ خۇشال پەدىگە،
يۈرەكتىن ھاي ئۆلەڭ تاتقان ئۆلاچى.

ئۆلاچى يايلىقى چارۋىلارغا باي،
سەكرىشىپ ئوتلايدۇ قوزا، ئوغلاق، تاي،
خەلقىنىڭ ئىچىشى قىمىز، قايماق چاي،
ئوتىدۇ زەپ خۇشال ھايات ئۆلاچى.

بىراق تۆت ئاپەت قومۇزنى چاقتى،
قومۇز چالغانىنىڭ قولىنى چاقتى.
تەلپەكنى يىرتىپ قوغا(2) ئوت ياقتى،
دىدىلىك پىغاندا «ۋايدات» ئۆلاچى.

ئۆز تىلىڭ بىلەن سۆزلىمەس بولدۇق،
ئاتا مىراسىنى كۆزلىمەس بولدۇق.
توي-تۆكۈندىمۇ ئۆينىمەس بولدۇق،
چەكتىڭ ئاشۇنداق پەرياد ئۆلاچى.

قايتا باھار، يازكەلگەن چېغىدا،
تاغ گۈللىرى تەڭكۈلگەن چېغىدا.
گۈللەرگە بۇلبۇل كۈيگەن چېغىدا،
قوچىغىڭ بولدى ئاۋات ئۆلاچى.

بۈگۈن قومۇزنى چالغاندا قادىر(3)،
يېڭى ئىرىدىنى باشلىدى نادىر.
بەزمە قىلىشتى ھەممە ئۆي چادىر،
قومۇزنى مەڭگۈ سايرات ئۆلاچى.

ھەيران قالدۇرۇپ بۈگۈن ئوتلاقىنى،
كەيىپسەن تۇبى قىزقىرغىز توماقىنى.
جاھان كۆرمىگەن سەندەك ئوماقىنى،
قامەتىڭ ئەمدى شەمشات ئۆلاچى.

(1) ئۆلاچى: سانجۇ گۆڭشېدىكى قىرغىز خەلقىنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايى. (2) قۇ: قىرغىز خەلقىنىڭ بىر خىل زىننەت بۇيۇمى. (3) قادىر: قىرغىز خەلق ئارتىستى، ئۇستا قومۇزچى.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇللا كېرەم

## ۋەتەن ئىشقى

ساڭا سۆيگۈ بايانىدىن يۈرەكنىڭ تارىنى چەكتىم،
ناۋاقىپ چىن قارارىمنى ۋەتەننى شادمان ئەتتىم.
ناۋا بىرلە دىلىم چەكسىز سامادا ئەيلىبان پەرۋاز،
قىلىپ ئەيسانى مەن ھەيران پىلەكنىڭ قەرىگە يەتتىم.
جىمى ئالەمنى كەزسەممۇ تېپىلماس سەن كەبى رەئنا،
سېنىڭدەك ھۆر دىيارىمنى ئۆزەمگە پاسىبان ئەتتىم.
ساڭا ھەرگىز بولالماس تەڭ، جاھاندا بولسا ئول رىزۋان،
سېنى سۆيگەنگە نە ئارمان شۇڭا مەن ھەممىدىن كەچتىم.
ۋەتەن دەپ ئوت بولۇپ يانسام، يۈرەككە ئەھدىنى جا قىلسام،
ئۆلۈپ، قوينۇڭدا جاي ئالسام، شۇنى دەرمەن شەرەپ-بەختىم

## خەلقىمگە

تېخى ياش نەۋقىران ۋاقتىم، قاناتىم قاققىلى كەلدىم،
توكۇپ تەر گۈل دىيارىمنىڭ ھۆسنىگە زەر تاققىلى كەلدىم.
خوتەننىڭ مەرتلىرى تارتتى مېنىڭ ھەس-ئىشتىياقىمنى،
غۇبارسىز پاك يۈرەكلەرگە يۈرەكنى ياققىلى كەلدىم.
ئازادلىق تاڭ نۇرى بىلەن جاپاكەش تۇردى دەسشۇدەم،
شۇلارغا ھەمنەپەس، بىللە داۋانلار ئاشقىلى كەلدىم.
كۈرەش يولى ئۇزاق، ئەگرى، جاپالىق ھەم توسالغۇبار،
يېڭىپ ئۇنى رەقىبىمنىڭ كۆكسىگە ئوق ئاتقىلى كەلدىم....
ئۆتۈپتۇ توغرا ئوتتۇز يىل خەلققە ھەمنەپەس بولدۇم،
خەلقىمنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققىلى كەلدىم.
سۆيۈملۈكسەن ئانامدەك مېھرىۋان ئەمگەكسۆيەر خەلقىم،
سېنىڭ ئۆزلۈك باھارىڭنى قۇشاققا قاتقىلى كەلدىم.

## قىتئەلەر

مەمتىمىن توختى

ئەجىر قىل، تەر توكۈپ بەخت كانىنى ئاچ،
ئەل ئۈچۈن توھپەڭنىڭ نۇرۇغىنى چاچ.
مېھنەتسىز نېمەتتىن تۇتمىغىن تاما،
نومۇس قىل ئۇ ئىشتىن، قاچقىن - يىراق قاچ!

× ×

ئەڭ قىممەت تىلەك بولغىنى مەن ئۈچۈن بىلىم،
بىلىم بىلەن چىقتى مېنىڭ دەسلەپكى تىلىم.
بىلمىگەننى ئۆگەندىم بىلگەن كىشىدىن،
بىلگىنىمنى ئىشلىتەي گۈللەنسۇن ئېلىم.

× ×

قەدىر-قىممەت نەدىكەن، توككەن تەردىكەن،
مۇشكۇللەردىن قورقمىغان باتۇر ئەردىكەن.
بەخت دېگەن نەدىكەن، جاپا تېگىدە،
ئۇنى يەڭمەي كۆتۈپ تۇرساڭ كەلمەس يەردىكەن!

### قەي چىمك شېئىرىيەت توغرىسىدا

ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ياكى تەبىر بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدىغان، ياكى ئىلمىي نەرسە ئەمەس دەپ قارايدىغان كىشىلەر قۇللۇق قەپىسى ئىچىدە ماكان تۇتقانلاردۇر.

«ئىلھام» دېگەن شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسى بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنياسىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت تەسادىپلىقتۇر. «ئىلھام» شائىرنىڭ دوستى بولۇشى لازىم...

شائىر ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىغا سادىق بولۇشى كېرەك؛ تەسىرات دېگىنىمىز ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان ئەكس ئېتىشتۇر.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى



مەھەممەت روزى

بەش ياشلىق ئوماق قىز رەنانىڭ بىر ئاق ئاسلىنى بولۇپ، ئۇ، بۇ ئاسلاندىن زادىلا ئايرىلالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە «مېھمان»دارچىلىق ئوينىسا، بەزىدە ئاسلاننى ئات قىلىپ كىچىك ھارۋىسىغا قاتاتتى. ئۆزى تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ئاسلاننى ئوزۇقلاندۇراتتى. ئاسلانمۇ رەناغا كونۇپ كەتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇ، رەنانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇناتتى، ئاخشاملىرى رەنانىڭ كارۋىتىغا چىقىپ، يوتقاننىڭ ئۈستىدە خورۇلداپ ئۇخلايتتى ...

بىر كۈنى رەنانىڭ خوشنىسى ھەلىمەخاننىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان توققۇز ياشلىق ئوغلى پەرھات ئاسلاننى كۆرۈپقالدى-دە، ئىچىگە جىن كىرىپ، رەناغا تۇيدۇرماستىن ئاسلاننى ئوغرىلىۋالدى ۋە قوينىغا سېلىپ مەكتەپكە ئېلىپ كەتتى. سىنىپتىكى بالىلار چوقۇرۇشۇپ ئاسلاننى قولدىن-قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. رەيھان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئاسلانغا تولىمۇ ئامراقلىقى كەلدى-دە، ئۇنىڭ ئاق تۈكلىرىنى سىلاپ:

— پەرھات، ئوغۇل بالا ئاسلان ئوينىمايدۇ، ئۇنىماڭا بىر ئۆەت،دېدى. پەرھات دەسلەپتە ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى، كېيىن مەھەللىدىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ مۈشۈك ئويناپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ:

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، نېمىشكە ئوغۇل بالا مۈشۈك ئوينىمايدىكەن، ئاسلىنى بولسا ئوينىمامدۇ؟ سەن مېنى ئالداپ ئاسلاننى ئېلىۋالماقچى بولۇۋاتىسەن، بۇنىماڭا چوڭ ئاپام ئوينا، دەپ ئەكىلىپ بەرگەن، دېدى. رەيھان خىجىل بولغىنىدىن تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ ئاسلاننى قايتۇرۇپ بەردى.

دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەن،ئوقۇغۇچىلار جاي-جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. پەرھات ئاسلاننى پارتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، پوپكىسى بىلەن توسۇپقويدى. ئوقۇتقۇچى كىرىپ دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئوقۇغۇچىلار جىمجىت ئولتۇرۇپ،ئوقۇتقۇچى دوسكىغا يازغان خەتلەرنى كۆچۈرۈۋاتقاندا، پەرھات ئاسلاننى ئاستا چىقىرىپ ئۇنىڭغا نان ئۇشتۇپ بەردى. ئاسلان ناننى قاراپمۇ قويمىدى، ئەكسىچە ئارقىغا سورۇلۇپ پارتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ھەركەت قىلدى. پەرھات ئاچچىغلىنىپ، قوپاللىق بىلەن ئاسلاننىڭ بوينىدىن تۇتتى-دە، بارماقچىلىك ناننى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى. ئاسلاننىڭ ئاغزى ئاغرىپ كەتتىمۇ -نېمە، تۇيۇقسىز «مياۋ» قىلىپ توۋلىۋەتتى.ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتى بىردەك پەرھاتقا بۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ



پەرھاتقا قارىغان ئىدى، پەرھاتنىڭ چىرايى تاتىرىپ قوللىرى تىتىرەشكە باشلىدى. ئوقۇتقۇچى توپ-توغرا ئۇنىڭغا قاراپ كەلگەن ئىدى، پەرھات ئاسلاننى دەرھال پولغا قويۇۋەتتى.

—ئورنۇڭدىن تۇر،—دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەرھات ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، ئىزدىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

—مەكتەپكە نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟—دەپ سورىدى مۇئەللىم جىددىي قىلىپ.

—ھېچنېمە دەپ جاۋاپ بەردى پەرھات.

ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ كۆزىگە قادالغاندا، پەرھات بەرداشلىق بېرەلمەي، دىرىزىدىن سىرتقا قاردۇۋالدى.

ئۇنىڭ دەپتىرىگە بىرەر ھەرپمۇ يېزىلمىغانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچى ئېچىنغان ھالدا چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، ۋە:

—پەرھات سەن سەمىمىلىك بىلەن ئېيتىپ باققىنا، خەت يازماي نېمە ئويناپ ئولتۇردۇڭ؟—دېدى.

—ھېچنېمە،—دېدى پەرھات ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

پەرھاتنىڭ يېنىدىكى قىز ساۋاقدىشى ئالدىراشلىق بىلەن:

—ئاسلانغا نان بېرىپ ئولتۇردى، دېيىشى بىلەن بالىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. پەرھات ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، قىزىرىپ كەتتى ۋە ساۋاقدىشىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قويدى.

سىنىپنىڭ ئىچى توساتتىن ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇپ كەتتى.

—ۋۇي پۇتۇمدا مېڭىپ يۈرگەن نېمە بۇ؟

—ئاسلانكەن، ئاق ئاسلان ...

—مۇئەللىم، سىزنىڭ ئۈستەلىڭىزنىڭ قېشىغا كەتتى.

—پەرھات ئېلىپ كەلگەن ئاسلان شۇ.

—مىياۋ، مىياۋ ...

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەندى رەسمى ئاچچىغى كەلدى. ئۇ بېرىپ ئاسلاننى تۇتتى-دە، ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىردى. ئاسلان ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدا كۆزلىرىنى مولدۇرلىتىپ، بېشىنى ئۇياققا-بۇياققا قىلىپ مىياۋلايتتى...

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى پەرھاتنى ئىشخانىغا چاقىرتىپ سۆزلەشتى.

—سەن نېمىشكە دەرسخانىدا ئىنتىزامنى بۇزىسەن؟

—مەن بۇزمىدىم.

—ئەمىسە كىم بۇزدى؟

—مۈشۈك.

پەرھات ناھايىتى تەرسالىق قىلدى. ئۇ قاپىغىنى تۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممە سۆزلىرىگە قوپاللىق بىلەن جاۋاپ قايتۇردى. ھەتتا «ئاسلاننى مەن ئېلىپ كەلمىدىم، ئاسلان مېنىڭ ئەمەس» دەپمۇ تۇرۇۋالدى.

ئوقۇتقۇچى ئاخىر:

—ئۇنداق بولسا سەن چىقىپ تۇر، مەن ئاسلاننىڭ ئىگىسىنى تېپىپ سۆزلىشەي،—دېدى. بۇ سۆز بىلەن پەرھات سەل بوشاشتى، بىراق ئۇنىڭ ئۆز سۆزىدىن يېنىۋالغۇسى كەلمىدى. ئۇ خېلىغىچە جىمجىت تۇرۇپ، بىردىنلا ئارقىغا قارىماي، دوكۇلداپ ماڭغىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى...

كەچقۇرۇن پەرھات روھسىزلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ھويلىغا كىرىشى بىلەن رەنانىڭ يىغىسىنى ئاڭلىدى. ئارقىدىنلا رەنانىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ:

—بولدى قىل قىزىم، قايسى قولى قۇرۇپ كەتكۈر ئېلىۋالدىكىن، بولدى يىغلىما، مەن ساڭا يەنە ئاسلان تېپىپ بېرەي...دېگەن سۆزى پەرھاتنىڭ قۇلىقىغا كىردى. پەرھات بىردەم تۇردى-دە، پوپكىسىنى دۈمبىسىگە تاشلاپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پەرھات كەچلىك تامىقىنىمۇ كۆڭۈللۈك يېمىدى. ھەلىمەخان ئۇنىڭ ھەر كۈندىكىدەك مەكتەپتىن كېلىپلا تامىقىنى يەپ ئويۇنغىلى چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سورىدى:

—بالام، نېمە بولدۇڭ، بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ نېمە؟

—ياق!...

يەنە رەنانىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. ھەلىمەخان بىردەم قولاق سالغاندىن كېيىن، ئېچىنغان ھالدا:

—ھەي، رەنا قىزنىڭ ئاسلىنىنى قايسى قارا كۆڭۈل ئوغرىلىۋالدىكىن، بىچارە قىز بىر كۈن توختىماي يىغلىدى، —دېدى.

پەرھات ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىككىنە ئوماق قىز رەنا پەيدا بولدى. رەنا ھەقىقەتەن يوۋاش، ئوماق قىز ئىدى. بىر قېتىم پەرھات قەلىمىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆيگە يىغلاپ قايتىپ كەلگەندە، رەنا ئۇنىڭغا دادىسى ئېلىپ بەرگەن يېڭى قەلىمىنى بەرگەن ئىدى. بەزى ۋاقىتلاردا پەرھات ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، رەنانىڭ رەسىملىك كىتابلىرىنى كۆرەتتى... پەرھات شۇلارنى ئويلاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويدى-دە، ئورۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مەكتەپتىكى ئىشلار بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىغا قىلغان سەممىيەتسىزلىكىنى ۋەقوپاللىغىنى ئەسلەپ، ئىختىيارسىز ئازابلىنىپ كەتتى. «ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كېلىپ، ئاسلانىنىڭ رەنانىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسىچۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا مەھەللە ۋە مەكتەپتە قانداق يۈز كۆتىرىپ يۈرگىلى بولسۇن؟!... كىچىككىنە قىزنى يىغلىتىپ، قانچىلىك لەززەت ئالدىم؟ ئوقۇتقۇچىغا يالغان ئېيتىپ نېمە پايدا كۆردۈم؟...» ھەرخىل سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىدا گويا چاقماقتەك يېنىپ ئۆچەتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاپىسىنىڭ:

—بالام، نەگە بارىسەن، كەچ كىرىپ قالدى؟- دېگىنىگىمۇ قارىماي مەكتەپكە ماڭدى.

ئۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىدە ئوقۇتقۇچىمۇ پەرھاتنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئىدى. ئوقۇتقۇچى ئۇنى كۆرۈپ ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئولتۇرۇشقا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

—مۇئەللىم، —دېدى پەرھات بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، —مەن خاتا قىلدىم...

ئۇ ھەممىنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭدىن رازى بولغان ھالدا:

— مەن ئىشىنىمەن، سەن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق يامان ئىشلارنى قىلمايسەن، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئاسلانىنى بەردى.

پەرھات ئوقۇتقۇچى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى ۋە توپ-توغرا رەنانىڭ ئۆيىگە كەلدى. رەنانىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، قاپاقلىرى ئىششىغان، ئۇ ناھايىتى خاپا ئىدى. رەنا ئاسلانىنى كۆرۈپ، بىردىن چىرايى ئېچىلىپ، خوشاللىقىدىن سەكرىگىنىچە كېلىپ ئاسلانىنى قولىغا ئالدى. ئاسلانىمۇ خۇددى مېھرىۋانىنى تاپقاندەك رەناغا ئەركىلەپ مىياڭلاشقا باشلىدى. رەنانىڭ چوڭ ئاپىسىمۇ قەۋەتلا خوشال بولۇپ، بىر تەخسىدە كەنپۇت، پېچىنە ۋە ئالما ئېلىپ چىقىپ، پەرھاتنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ چاغدا پەرھات يەلكىسىدىن گويا كى تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ قالدى.

ئۇ پەقەت شۇ چاغدىلا باشقىلارنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان كىشىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزىنىڭمۇ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى، باشقىلارمۇ خوشال بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭمۇ خوشال بولالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

رەنا ئاسلان بىلەن تازا قىزىق ئويناۋاتقاندا پەرھات ئاستا ئۆيىگە چىقىپ كەتتى ۋە دەپتىرىنى ئېلىپ، يازمىغان خەتلىرىنى يېزىشقا باشلىدى...




يەمەن شەھرىدە ئادىل شاھ يەمەنى دېگەن بىر پادىشا بار ئىدى. تولا سېخى ۋە ئادىل ئىدى. بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ، چۈشىنىڭ ۋەھىمىدە ۋەزىر-ئەمىرلار بىلەن ئولتۇرار ئىدى. 7 قەلەندەر ئوردىنىڭ ئالدىدا گۈلخان يېقىپ داتلانىدى. پادىشادىدىكى: «ئى دەرۋىشلەر، مېنىڭدىن تىلىگىڭلار نىمە، ھەر نىمە دېسەڭلەر بېرۇرمەن.» بۇ قەلەندەرلەر دېدى: «ئى پادىشاھى ئالەم كۆپكە ئېھتىياجىمىز يوق، قىرىق كۈنلۈك پادىشالىقلىرىنى تىلەيمىز» -دېدى. پادىشا جان دەھەم نىياز قىلۇر ئىدى. «ئى دەرۋىشلەر قىرىق كۈنلۈك پادىشالىغىمنى خۇدانىڭ يولىدا نىياز قىلدىم»-دەپ ئىككى پەرزەندى بىلەن مەلىكىسىنى ئېلىپ، شەھەر سىرتىدىكى بىر چاھار بېغىغا كۆچۈپ چىقتى.

بۇ قەلەندەرلەرنىڭ بىرى پادىشالىقنى قولىغا ئېلىپ، بېشىغا تاج كىيىپ، تەختى سەلتەنەتكە چىقىپ ئولتۇردى. ئالتە قەلەندەر ۋەزىر

بۇ داستان خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ كۆچۈرۈپ ساقلانغان يېزىق نۇسخىلىرىمۇ بار. قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىسى نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن «پادىشاھى ئادىل» ناملىق كىتابچىغا ئاساسەن تۈزۈلدى. داستاننىڭ ئاپتورى ۋە يېزىلغان ۋاقتى نامەلۇم. داستاننىڭ تىلى، ۋەقەلىك جەريانى ۋە يېزىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى تەقلىدىدىن قارىغاندا تەخمىنەن 17_18 ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

داستاندا دىنى ساخاۋەت تونىغا ئورىلىۋالغان بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئادىل شاھنى ئالداپ، ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنى خانىۋەيران قىلغانلىقى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. داستاندىكى بۇ مەزمۇن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشانچىلىق، دەرۋىشلىك ئەۋج ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىتنى پاش قىلىشقا قارىتىلغان، دېيىشكە بولىدۇ.

بۇندىن كېيىن ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئۈچۈن قولىمىزدىكى مۇشۇ نۇسخىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق.

ئابدىرېھىم ئېلى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار

مەمتىلى سايىت

بولدى. شۇندىن كېيىن، قىرىق كۈنگىچە ھەر بىر پۇخرا-ئالامانغا خەزىنىدىن ئا بۇ-ئاش بېرىلىدۇ، دەپ شەھەر-شەھەرلەرگە نامە چىقاردى.

ھەر كۈنى مال، توگىلەرنى ئۆلتۈرەر ئىدى. قازى، مۇپتىلارغا تولا ئىنئام قىلىپ، رەئىيەتلەرنىڭ ئەقلىنى زايىل قىلىپ، ئۆزىگىمۇ يىل قىلدى. قىرىق كۈن تامام بولدى. پادىشاھى ئادىل ۋەزىر-ئەمىرالارنى جەمى قىلىپ: «ئى ۋەزىرلەر-ئەمىرلەر، ئى ئاكا بىر-ئەشرەپلەر، مەن قىرىق كۈنلۈك پادىشالىغىمنى ئول قەلەندەرلەرگە بەرگەن ئىدىم، ھالا بۇكۈندە ھوكۈمەت قەلەندەرلەرنىڭ قولىدادۇر» — دەپ شەھەرخەلقىنى چىللاپ، يۇرتقا كەڭرى ئا بۇ-ئاش قىلىپ، قەلەندەرلەرگە ھەم ئاش تارتىپ مۇنداق دېدى:

ئادالەتلىك شاھىم سۇلتان ھاجىتىمنى راۋا ئەيلەر،
جانانىغا جانىم قۇربان، كوزياشىمنى سىيا ئەيلەر.
سۇلايماندەك سۇلتان بولساڭ، جاھان ئىچرە دەۋران سۈرسەڭ،
نۇشىرۋاندەك ئادىل بولساڭ، ئەرزداشىمنى ئادا ئەيلەر.
ۋەدە ئۆزرە ۋاپا قىلغىل، نامەرتلەرگە جاپا قىلغىل،
مۆئمىنلەرنى رىزا قىلغىل، جاما لىللا لىقا ئەيلەر.
ئادىل شاھەن ھالىم ئېيتاي، قىرىق كۈن بولدى جانىم نىتەي،
سۇلتانىمغا پەريات ئىتەي، دۇشمەنلەردىن جۇدا ئەيلەر.

ۋە دېدىكى: «ئى سۇلتانى ئالەم: قىرىق كۈنلۈك پادىشالىغىمنى سىلەرگە نىياز قىلىپ ئىدىم. ئەندى ۋاپا كېرەك.»

قەلەندەرلەر شەھەر ئۇلۇغلىرىغا قاراپ: «سىزلەر نىمە دەيسىزلەر؟» — دېدى. بارچە ۋەزىر-ئەمىرالار، شەھەر ئۇلۇغلىرى: «شاھى ئادىل ئاللا تائالا ئىبەرگەن دولەتنى كوتىرەلمەي، ئۆزلىرىگە نىياز قىلدى. بىز ئۆزلىرىدىن بۆلەك كىشىنى پادىشا قىلماسمىز» — دېدى. قەلەندەر قازى، مۇپتىلارغا: «سىزلەر نىمە دەيسىزلەر؟» — دېدى. ئەلەم، قازى، مۇپتىلار: «خۇدانىڭ يولىدا بەرگەن نىيازيانمايدۇ. بىزگە كىم مۇرۇۋۋەت قىلسا پادىشاھىمىز شۇلدۇر» — دەپ پەتىۋا قىلدى. پادىشاھى ئادىل ھەيران بولۇپ ھەرەمخانىسىغا كەلدى. ۋاقەنى مەلىكىگە بايان قىلدى. مەلىكە: «قەلەندەرنىڭ ئادەت-رەسمى شۇكى، نان بەرسە كۆپايە، ئۇنىمىسا تاياقتىن ئۆزگىسى بىكار. ھالا بىر قەلەندەرگە پادىشالىقنى بېرىپ، ئۇلار خەزىنىدىكى دۇنيا بىلەن خالايىقنىڭ كوڭلىنى خوش قىلىپ، بىزنى مۇنداق ئاۋارە قىلدى. ئەھۋالىمىزنىڭ ئاخىرى نىمە بولۇر ئىكەن» — دېدى.

شۇكۈندىن باشلاپ قەلەندەر شەھەرگە نامە چىقىرىپ: «پۇخرالارنىڭ ئۈچ يىللىق خىراجىدىن ئۆتتۈم» — دېدى. بارچە پۇخرالار قەلەندەرنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا خوش بولۇپ، «بۇنداق پادىشا يەنە جاھانغا كەلمەس.» — دېيىشىپ قەلەندەرنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلدى.

جاسۇس ۋەزىرلەر قەلەندەرنىڭ ئالدىغا كىردى. «ئى پادىشاھى ئالەم، سىزگە يۈز يىگىرمە شەھەر تابىئەدۇر، ھېلى سىزگە دۇشمەنلەر تولادۇر. شاھ ئادىلنى، ئاغىچىسىنى، ئىككى پەرزەندىسىنى ئۆلتۈرسىڭىز دىلجەم بولۇرسىز، بولمىسا، ھەر شەھەرگە نامە ئىبەرتىپ، ئاخىرى سىزنى ۋە بىزنى پاراكەندە قىلۇر» — دېدى. بۇ سوز قەلەندەرگە ياخشى ئىشتىلدى، ئانداق بولسا، تاڭلا تورتدار بەرپا قىلىڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ دىلجەم بولۇرمىز» — دەپ يارلىغ قىلدى.

پادىشاھى ئادىلنىڭ بىر خاس مەھرىمى بار ئىدى. بۇ سوزنى ئاڭلاپ تۈن نىسپىدە پادىشاھى ئادىلنىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى. «قەلەندەر سىزنى، مەلىكىنى، پەرزەندلىرىڭىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى» — دەپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

ئەرزىمەس ئىشتىكەل ئى پادىشاھىم،
دۇنيادا سەندەك بىغەم بولۇرمۇ.
تۈگەنمەس ھەسرەت بىلە بۇجا نىم،
يۇلدۇزلار ئەشكىدىن شەبنەم بولۇرمۇ.

بېغىڭدا ئاجايىپ ياخشى چىمەنلەر،
چىمەندە سايرىشۇر خۇشال بۇلبۇللار،

ئەلقىسسە: پادىشا بۇسوزنى ئىشىتىپ پەرياتچەكتى، دادى ھېچكىمگە يەتمىدى. ئەمما تۈن نىسپى بىلەن توتكىشى توت ئاتقا مىنىپ، توت ئاتقا ئالتۇن، كۈمۈش، لەئل-ى-جاۋاھىرلارنى يۈكلەپ چىقىپكەتتى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ كانارىغا چۈشتى. گۈل چېھرى بىلەن ئىككى پەرزەنتى ئۇيقۇغا كەتتى. غەم-غۇسسە بىلەن پادىشانىڭ كوزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

تۈن ھەسسە بولغاندا تاغ ئۈستىدىن بىر غەۋغا پەيدا بولدى. ئاي شولىسىدا ئۇن ئاتلىق قاراقچى يېتىپ كەلگەنلىگىنى كوردى. پادىشا مەلىكە بىلەن ئىككى پەرزەنتىنى ئېلىپ، بىر چوڭ تاشنىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇندى. بۇقاراقچىلار سەككىز ئات بىلەن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئالدى ۋە بىر-بىرىگە: «بۇماللارنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئۆلتۈرسەك ياخشى بولۇر ئىدى»- دېيىشتى. ئەمما ھەرتەرەپنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئادىل شاھ قاراقچىلاردىن ئامان قالغانلىغىغا شۈكرى قىلىپ، تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يىلتىزدىنى كولاپ يەپ، يىگىرمە كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغنىڭ كانارىغا كېلىپ چۈشتى.

ئەلقىسسە: شاھدىن بەشيۈز سودىگەر چىقىپ، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ئادىل شاھ چۈشكەن مەنزىلگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىرسەردارى بار ئىدى، توت مەھرەم بەچچىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ، ئوغرى- قاراقچىلار بىزگە قەست قىلمىسۇن دەپ قىلىچلىرىنى يالاڭلاپ تاغ ئۈستىگە چىقتى. بىر يەردە ئوتنىڭ شولىسى نامايەن بولدى، يېقىن كېلىپ كوردىكى، ھەيھات، بىر ئەركىشى،-

ساڭا مۇنىس بولغان ياخشى ئوغۇللار،
قانلىرى توكۇلۇپ شەبنەم بولۇرمۇ.

تاڭلاسىنى بۇيرۇپ دارغا ئاسارلار،
شول بەدبەخ قوللىرىڭنى چاتارلار،
ئىككى ئوغلۇڭ قانىنىھەم ساچارلار،
خانىما ندىن سەندەك جۇدا بولۇرمۇ.

مىسالى قىرىق ياشتا بار،-ئۇزى شاھانە ئولتۇرۇپتۇ، يەنە قىزىلگۇلدەك ئىككى پەرزەنتى ئولتۇرۇپتۇ، چوڭى ئون توت، كىچىگى ئون ئىككى ياشتا. يەنە بىرمەلىكە ئولتۇرۇپتۇركى، جامالى ئاپتاپتەك، مەلىكىگە ئاشىق بولدى. غۇلام بەچچىلىرىنى شۇيەردە قويۇپ، پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ سالام قىلدى، بۇلار بىلەن كورۈشتى. سودىگەر بەچچە قول قوۋۇشتۇرۇپ: «ئەلھەمدۇلىللا مۇرادىمغا يەتتىم، بىز بەشيۈز سودىگەر ئىدۇق، شۇمەنزىلگە كەلگىلى توت-بەش كۈن بولدى. مەن بۇلارنىڭ چوڭى بولۇرمەن، مېنىڭ بىرمەستۇرەم بار ئىدى. ئۇزى ھامىلدار ئىدى. بۇگۈن ئۈچ كۈن بولدى، تەۋەللۇت قىلغىلى ئولتۇردى، ياباللا يەرگە چۈشمىدى، مەزلۇم كىشى يوق بىزنىڭ قولىمىز قاملاشمىدى، مەستۇرەمنىڭ نالىسىگە تاقەت قىلالماي، مەزلۇم كىشى ئىزدەپ چىقىپ ئىدىم، بۇيەردە سىزلەرنى تاپتىم، مەلىكە بېرىپ مەستۇرەم قېشىدا بىرساھەت تۇرۇپ بەرسە، سىزلەرنىڭ مۇبارەك قەدەمىڭىزلەردىن ئەھلىمىنىڭ كوزى يورىسا، خىزمەت ھەققى بېرىپ، مەلىكىنى كەلتۈرسەم»- دېدى. پادىشا: «سىز بىزگە ناتونۇش، مەلىكىگە نامەھرەم تۇرۇرسىز، بۇئىش راۋا بولماس»-دېدى. سودىگەر بەچچە: «ئى ئاتا، بۇمەلىكە مېنىڭ بىر تۇققان سىڭلىمدۇر. بۇئىش ئەسلا خاتىرىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇئوغۇللاردىن بىرسى ھەمرا بولسۇن، ھاجەتمەندۇرمەن»- دېدى. پادىشا: «بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى راۋا بولسا، بىزنىڭ يىگىلى-ھېچنەرسىمىز يوق، يىگىلى بىر نەرسە ھاسىل بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرمەنزىلگە چىقارمىز»- دەپ شاھ پەررۇخنى ھەمرا قىلىپ مەلىكىنى ئىبەرت-

تى. سودىگەر بىر پەسىل يۈرگەندىن كېيىن، شاھ پەررۇخنىڭ بېشىغا بىر قامچە ئۇرۇپ، مەلىكىنى ئاتقا مىندۇرۇپ ئېلىپ قاچتى. شاھپەرروخ كېچىكلىكتە ھېچنىمىنى بىلمىدى، زار-زار يىغلاپ ئاتىسى قېشىغا كەلدى: «ئۇخلىغـەر ھارامزادە ئىكەن. مېنى ئۇرۇپ، ئانامنى ئېلىپ قاچتى»-دېدى. شۇ يەردە پادىشاغا بىر ۋەھىمە يۈزلەندى. «بىزلەرگە ھەم قاراقچىلار قەست قىلمىسۇن»-دەپ ئىككى پەرزەنتىنى ئېلىپ زار-زار يىغلاپ بولغارا-ۋان بولدى ۋە مەلىكىنىڭ شەنىگە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى

مېنى سالدى ھىجران چولگە، پايتەختىم ئانداقالدى،
كەلمەس بولدى ئەندى قولغا تاجى بەختىم ئانداقالدى.
ئەجەپ بولدى بۇزامانلار، ھالىم بىلمەس بۇنادانلار،
ھەمدەم بولغان دوست-يارانلار زار يىغلاپ ئانداقالدى.
زەپراندەك رەڭگى-رويۇم، دۇتار بولدى قەددى-بويۇم،
غېرىبلىقتا دۇئاگويۇم خوش ئىنسانلار ئانداقالدى.
كۆنچۇشۇپتۇر بۇ باشىمغە، زەھەر قوشۇپتۇر ئاشىمغە.
تۇپراق تولۇپ كوز ياشىمغە، نەۋجۇۋانلار ئانداقالدى.
پەلەك بۇزدىلەر شانىمنى، ئوتقا سالدىلار كانىمنى،
ھېچكىم بىلمەس بۇھالىمنى، قەدىردانلار ئانداقالدى.
ئادىل شاھ دەرمىنىڭ ئاتىم، ئەجەپ بولدى قارا بەختىم،
خوش مۇنىسىم، گۈل چېھرىم قاراقچىلار قولىداقالدى.

ئەلقىسسە: ئۈچ كېچە-كۈندۈز يـول يۈردى. يېمىكىگە ئوت-قۇمۇش يىلتىزىنى كولاپ يېدى. ناگاھ بىر دەرياغا يەتتى. ئۆتۈشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى تاپالماي تورا ئىدى، بىر ئاتلىق پەيـدا بولۇپ كەلدى. شاھ ئادىل بىلەن كـۆرۈشتى. ئاندىن ھال سوردى، پادىشا بېشىغا كەلگەن ۋاقەلەرنى بايان قىلدى. دەريادىن ئۆتەلمەي غەمناك بولدۇم دەپ ئاھ ئۇردى. ئـول ئاتلىق «مەن سۆچىدۇرمەن، ھېچنىمە تەما قىلماي دەريادىن ئوتكۇزۇپ قويايـ»-دېدى. پادىشا خۇپ دېدى. ھېلىقى ئاتلىق :«بىر-بىرلەپ ئاتمىنىدۈرۈپ ئوتكۇزىمەن»-دېگەن ئىدى، شاھ ئادىل چوڭ ئوغلى شاھپەرۇخنى ئاتقا مىندۇرۇپ قويدى. ئاتلىق ئۇنى دەرياغا ئېلىپ كىردى، پادىشاغا: «ئى ئادەم، مەن قاراقچىدۇرمەن، بالاڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزگىل»-دەپ دەريادىن ئوتكۇزۇپ، كېتىۋەردى. پادىشاھ ھەيران ۋە سەرگەنـدان بولۇپ، باھار يامغۇردەك ياش توكۈپ يىغلاپ: «ئى جەمشىدىم. ئاناڭدىن ئايرىلدۇق، ئەندى ئاغاڭدىن ئايرىلدۇق. بىزگە ئىرادە شۇدۇر، ئۆنى تارتىماسلىققا چارىمىز يوق، قولىڭنى بەرگىل، بىرنىمە قىلىپ دەريادىن ئـوتەلى»-دەپ شاھ جەمشىتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاتا-بالا دەرياغا كىردى. بارا-بارا ئىتتىمك بىر قوشلاشقا يەتتى. سۇ سۇرۇپ پادىشانى يىقىتتى، شاھ جەمشىت قولىدىن ئاجراپ ئېقىپ كەتتى. پادىشانىڭ مىھنەت-مۇشەققەت بىلەن بىر ئاغامچى بويى ئېقىپ ئوزىنى ئوڭلاپ ئورنىدىن قوپتى، كوردىكى شاھ جەمشىت يوق. ئاھ نادامەت قىلىپنىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن دەريادىن چىقتى، زار-زار يىغلاپ: «خانۇمانىمدىن جۇدا بولـدۇم، ئانىدىن مۇنىس روزىگارىمدىن جۇدا بولدۇم، ئەنـدى جانىدىن ئېزىز قىزىلگۈلدەك ئىككى پەرزەنتىمدىن جۇدا بولدۇم، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ

قاراڭغۇلۇقلار ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن»ـ
دەپ نالە-پەرياد قىلىپ، ئۈچ تۆرت كۈن يول
يۈرۈپ، بىر دەشتكە باياۋانغا يېتىپ باردى.
كۆردىكى قۇملۇقتا بىر مازار تۇرۇپتۇ، تۇغ ئە-
لەملىرى يىقىلىپتۇ، مەسچىت گۈمبەزلىرى
ۋەيران بولۇپتۇ، قۇدۇقلىرىغا تۇپراق تو-
لۇپتۇ، ھېچ ئادەم پەرزەنتىنىڭ قەدىمى يەت-
كەن ئەمەس. ھېچ جانىۋارنىڭ نەزىرى چۈشكەن
ئەمەس. دەرەخلەر، قۇدۇقنىڭ ياقىسىدىكى
ئالما، ئانار، بېھى، ئۈزۈملەر قۇرۇپ كېتىپتۇ.

پادىشا دېدىكى: «بۇلارھەممىسى مەندەك غې-
رىپ-مۇساپىر مازارەت ئىكەن. ماڭا مىراد ئۈچۈن بۇ-
دۇر. مۇشۇ جايدا تائەت قىلاي»ـدەپ تۇغ ئە-
لەملەرنى تىكلەپ، قۇدۇقتىن تۇپراقلارنى
ئېلىپ، سۇ چىقىرىپ، مەسچىتنىڭ باغاچلىرى-
نى ئېلىپ سۇپا قىلىپ، مېۋىلەرنى كۆكلەتتى...
بارا-بارا ھەر تەرەپتىن جانىۋارلار كېلىشكە
باشلىدى. پادىشاغىزاسىغا قۇمۇشنىڭ ۋە ئوت-
چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يەر ئىدى.

ئەلقىسسە: شۇجايدا ئۈچ تۆرت يىل تۇردى.
ئىگىن-ئاياغلىرى چىرىپ يالىڭاچ قالدى. بار-
چە ئەزاسىنى سېرىق قوتازنىڭ تىرىسىدەك تۈك
باستى. ئىككى كۆزىدىن بولەك ئەزاسى كۆرۈن-
مىدى.. پادىشا بىر كۈنى ئۆزھالىغا يىغلاپ
جانىۋارلارغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۈستۈمدە تۇتى قۇشلار، تۇرغا نىمەنى كوردۇڭلارمۇ،
خوش سايرىشىپ تۇرىھۇشلار تۇرغانىمەنى كوردۇڭلارمۇ،
ھېچكىم كەلمەس ھەم قاشىمغا، قانلار تولدى كوزياشىمغا.
نالە قىلىپ سىرداشىمغا تۇرغانىمەنى كوردۇڭلارمۇ،
غېرىپ بولۇپ سىنەمدا غلاپ، ئاشىقلارنىڭ يولىن ئويلاپ.
چوللەر ئىچىرە جانىم قىيناپ چۈشكەنىمەنى كوردۇڭلارمۇ،
يەمەن ئىچىرە زارەچەندان، سىزلەر ئۈچۈن جانىم قۇربان،
شەھر دم-بەختىم كۈشۈك ئايۋان، يارانلارنى كوردۇڭلارمۇ.
مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان دىدەلىرى مىڭ نەم بولغان.
قارا قىچىغا ئەسىر بولغان گۈلچەھرەمنى كوردۇڭلەرمۇ،
قارا قىچلار قولىن باغلاپ، ئارمان بىلەن يۈرەكدا غلاپ.
مېنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ پەررۇخۇمنى كوردۇڭلارمۇ،
دەريا ئىچىرە جانىم ئالدى، ھەقتىن ئۆزگە كىمالەر بىلدى،
ئادىل شاھ دەر، نىتەي ئەندى، جەمشىدىمنى كوردۇڭلارمۇ.

دەپ زار چۈن ئەبرۇنەۋباھار يىغلاپ دېدىكى «خانۇ-
مانىمدىن، مېھرىۋانىمدىن، روزىغارىمدىن،
جانىدىن ئېزىز پەرزەندلىرىمدىن ئايرىلدىم،
بۇنىڭغىمۇ بىز تومەن شۈكۈر. بۇ جەزىرىگە
كەلگىلى ئۈچ تورت يىل بولۇپتۇ، ئادەم
پەرزەندىنى كورمىدىم، ئەمدى ئادەم باريەرگە
بارسام، نەقىلايكى ئۆزەم يالىڭاچ، بەدىنىمنى
تۈك بېسىپتۇ»ــدەپ قوغلىغا بىر ھاسا ئالدى،
گىيالارنىڭ ياپرىقى ۋە يىلتىزىنى يەپ،
بىر كەنتكە يېتىپ باردى. ئېقىن سۇ ئىچىپ
كەنتكە كىردى. خالايىقلار پادىشانى كورۇپ:
«بۇگۈن ئالۋاستى، ئېزىتقۇلار ئاشكارا بولۇپ،
يۇرتقا كىرىپتۇ»ــ دەپ بىر-بىرىگە خەۋەر
قىلىشتى. بارچە خالايىقلار پادىشانى كورۇپ،

ياقىلىرىنى چىشلىشىپ ھەيران بولۇشتى. ئېزىتقۇ، ئالۋاستىلار بىزگە خىرىس قىلىۋرىدەپ قاچار ئىدى. پادىشا ئۆز-ئۆزىگە: «نە بالاغا قالدىم، ھەر بىر ئادەم مېنى كورسە قاچىدۇر، بۇ قايسى شەھەر ئىكەن»- دەپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر شەھەرگە كىردى. كوردىكى بىر ئاق قۇش ھاۋادا پەرۋاز قىلىپ يۈرۈدۇ. يۈز مىڭدىن زىيادىراق ئادەملەر، قولىدا بىر پارچىدىن گوش، ھېلىقى قۇشقا قارىشىپ ھەيران بولۇپتۇ. پادىشانى كورگەنلەر قورقۇشۇپ قېچىشتى. پادىشا خاپا بولۇپ، بىر دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇردى. بىر ئادەم پادىشانىڭ قېشىغا بېرىپ پادىشانى كورۇپ قاچتى. پادىشا: «ئى بۇرادەر، مەن ئادەمدۇرمەن، قاچمىغىل»- دەپ قوغلىغان ئىدى. ئول ئادەم يېقىلدى. شاھ ئادىل ئۇ ئادەمنى تۇتتى: «ئى بۇرادەر مەن ئادەمدۇرمەن، ئېزىتقۇ، ئالۋاستى ئەمەس، ئون تورت يىلنىڭ ئىچىدە ئادەم كورمەي، ئىگىن- ئاياغلىرىم چىرىپ يىرتىلدى. چولدە يۈرۈپ شۇنداق بولۇپتۇرمەن» دىدى. ئۇ ئادەم كوردىكى چاچ-ساقىلى بېلىگە چۈشۈپتۇ. بارچە ئەزاسىنى ئىككى غېرىچ موي بېسىپتۇ. كوزىدىن، ئاغزىدىن باشقا ئەزاسى مەلۇم بولمايدۇ. «مەن ئادەم»- دىگەنىدىن كېيىن ئاندىن يۈرىگى توختىدى. ئادىل شاھ: «ئى بۇرادەر بۇ شەھەر قايسى شەھەردۇر، بۇ خالايىقلارنىڭ جىددىلىمۇ يا ئويۇن مەجلىسمۇ، نىمە ۋەقەدۇر؟»- دەپ سوردى. ئۇ ئادەم كوزىنى يۇمۇپ «بۇ شەھەرنى دىيارى بەكرى دەيدۇ، پادىشا ئولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ دولەت قۇشى دەپ بىر ئاق قۇشى بارئىدى، ئۇنى ئۇچۇردى، ھەركىمنىڭ بېشىغا قونسا ئۇنى پادىشا قىلىدۇ. ھالا قىرىق كۈن بولدى، قۇش يەرگە چۈشمىدى، ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىقلار كېچە-كۈندۈز قۇشقا مۇنتەزىر دۇر. بۇ شەھەرنىڭ رەسمى يوسۇنى شۇ»- دىدي. پادىشاھى ئادىل ئۇ ئادەمني قويۇپ بەردى. ئۇ ئالدى-كەينىگە قارىماي قاچتى. پادىشا «نىمە بالاغا قالدىم» دەپ پەلەكشەنىگە، بېيىتنى ئوقۇدى:

... ... ... ... ... ... ...

پەلەك مېنىڭ ئىقبالىمنى پەست ئېتەر،
مېھنەت كىلىپ دولەت قولدىن ئايرىلسا.
دولەت كىلىپ قونسا چىۋىن باشىغا،
سۇمرۇغ كىلۇر كۈنى ئۇنىڭ قاشىغا.
شېكەر بولۇر سالسا زەھەر ئاشىغا،
ئول كۈنىكىم دولەت كىلىپ يار بولسا.
مېھنەت كىلىپ دولەت كەتسە ئادەمدىن،
كېچە-كۈندۈز ئەيىپ يېتەر دۈشمەندىن.
قاچار بارچە، شۇبھەقىلار ئىماندىن،
پادىشالار خانىماندىن ئايرىلسا.
ئۈچار قۇشتەك قاناتىدىن قايرىلۇر،
خانىماندىن بادى سەلدەك سايرىلۇر.
جاندىن ئېزىز پەرزەندىدىن ئايرىلۇر،
غېرىپ بولۇپ ئوز ماكاندىن ئايرىلسا.
ئادىل شاھدەر چىكىپ ئاھۇ-نادامەت،
ئولمەي تۇرۇپ بولدى ماڭا قىيامەت.
پەلەك سەندىن كوردۇم جاپا-ئالامەت،
ئامان تاپسام روھۇم تەندىن ئايرىلسا.

دەپ تورار ئىدى، ئول قۇش كەلگەنچە شاھ ئادىلنىڭ بېشىغا قوندى. بارچە شەھەر خەلقى، ۋەزىر-ئەمرالار قۇشنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. بۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونىدىكەن، قانداق ئادەم بىزگە پادىشا بولۇركىن دەپ بارغىدەك بولسا، قۇش قوتازدەك بىر نىمىگە قونۇپ، مەھكەم چاڭگال سېلىپتۇر. پادىشاھى ئادىل بولسا: «مەن پادىشا بولمايمەن، مەن بىر مۇساپىردۇرمەن»- دەپ قۇشنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ئاجرىتالماي ھەيران بولۇپتۇر. ۋەزىر-ئەمرالار: «ئەي خالايىقلار بىزگە بىر ئالۋاستى پادىشا بولغانغا ئوخشايدۇ»- دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى. خالايىقنىڭ ئالدى پادىشاغا ئەسلا يېقىن كېلەلمىدى. پادىشاھى ئادىل «ئېيى خالايىقلار، مەن ئادەمدۇرمەن، ئون تۇت يىل

چولدە يالىڭاچ يۈرۈپ مۇنداق بولۇپتىمەن»—دېدى. ۋەزىر-ئەمىرلار ھەممىمىز بىر بولا بېرىپ تۇتىلىدەپ، يۈرەكئەندىشىدە كۆزىنى يۇمۇپ، پادىشانى تۇتتى. قوشنى ئاجرىتىپ ئالدى. بۇلار: «ھەرقانداغ نىمە بولسىمۇ قائىدىمىزنى بۇزمايلى، بىزگە كەلگەن تەقدىر ئۇشبىزدۇر»—دەپ بېشىغا تاج، ئەگنىگەدا ۋاج، شاھانە لىباس كەيدۈرۈپ، بىلىگە كەمەر باغلىدى. كىمخاپ مەپىگە سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. تەخت سەلتەنەتكە چىقىپ پادىشالىق رەسمىدە ئولتۇردىۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

قەدىردانلار ساڭا بىر سوز ئېيتايىن، چەرخىپەلەكھەركۈنىجاپا ئەيلىدى،
بىرىگە كەيدۈردى زەررىن تونىنى، بىراۋنى ئەل ئىچرە گـادا ئەيلىدى.
بىرىگە بېرىپتۇ تەختلەر تاجى، ئالەم خەلقى ئـاڭا مۇھتاجى،
بىرىنى ئاچلىققا قىلىپقەللاجى، مېھنەت ئىچرە قەددى دوتار ئەيلىدى.
بىرىگە بېرىپتۇ دۆررى دەۋلەتى، بىرىگە يەتكۈزۈپ رەنجى مېھنەتى،
ساڭا باشىمىن ئېيتاي ئوتكەنكۈلپەتى، بىرىنىڭ بەختىنى قارائەيلىدى.
بىراۋغا ئىچۈرۈپ لالەگۈن شاراپ، بىرىنىڭ باغرىنى قىلدىلار كاۋاپ،
ئاخىرىدا قىلدى بارچىنى خاراپ، ھەركىمگە بىر قىسمەتنى راۋا ئەيلىدى.
بىرىگە رەنجىنى بېرىپتۇ داۋا، بىرىنىڭ ھاجىتى بولماسلار راۋا،
بىرسىنىڭ كۆزىنى ئەيلەپنابىنا قولىغا بىرجەتنى ھاسا ئەيلىدى.
ۋاموق ئۈززا بىلەن شىرىنۇ-پەرھات، بۇ پانى دۇنيادىن ئوتتىلەر ناشات،
پەلەكنىڭ قولىدا دات ئىلەبىدات، بىرىگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلىدى.
لەيلى بىلەن مەجنۇن ئاشىقى-شەيدا، ئۇلارنىڭباشىغا چۈشتىمىڭسەۋدا،
بارچىنى ئولتۇرگەن ۋاپاسىز دۇنيا، شاھلارنى ئىچۈكتىن گادا ئەيلىدى.

ۋەزىرلەر بۇبېيىتنى ئىشىتىپ، پادىشانىڭ شىرىنگۇيلىقلىرىغا تەھسىن ئاپىرىن ئوقۇدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئادىل پادىشاغا تائام سىڭىپ چاچ، ساقال، قاش-كىرپىك-تىن بولەك مويلىرى تۆكۈلۈپ ئۆزئەكسىگە كەلدى، ئانداغ بىرسەلتەنەتلىك پادىشا بولدىكىم، ھېچقانداق ئادەم ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەس ئىدى. ئەدىل-ئادالەتتە ئىلگىركى شاھلاردىن ئارتۇقراق ئىشلارنى قىلدى. بارچە ۋەزىر-ئەمىرلار پادىشانىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلۇر ئىدى.

ئەلقىسسە: بىركۈنى ۋەزىر-ئەمىرلار پادىشانىڭ قېشىغا كىردى. «ئى پادىشاھىم ئۆزلىرىڭگە بىرئاغىچا ئېلىپ بەرسەك، مۇنداق بويتاق يۈرۈپ بولماس، قانداغ مەلىكە كۆڭۈللىرىڭگە ياردىسا، كەلتۈرسەك، بۇيەردە ۋەزىرلەرنىڭ سەرۋىقامەت قىزلىرى باردۇر، يەنە سىزگە تابىئە پادىشا-تاجدارلارنىڭ ئاپتاپ تەلئەت، مۇشتىرى سائادەت، ھورى سۈپەت قىزلىرى باردۇر»—دېدى. پادىشا: «بۇ دىگىنىڭلار خوپ، ھىلى ماڭا ئاغىچا لازىم ئەمەس»—دەپ زار-زار يىغلاپ مەلىكە گۈلچەھرىنىڭ پىراقىدا بۇبېيىتنى ئوقۇدى:

كىشى ئۆزيۇرتىدىن ئايرىلسا، بۇيۇرت ئۆزيۇرتىغا ئوخشارمۇ،
بىرى ياردىن ئايرىلسا، بىرى يارىغا ئوخشارمۇ.

كوڭلۇم مېنىڭ تولاغەمدە، سىنەم داغلات كوزۇم نەمدە،
ئىلاجىم يوق بىزلەر بەندە، لاچىن شۇڭقارغا ئوخشارمۇ.
خانىمانىم ئاندا قالدى، گۈلچېھرىم بەندە بولدى،
قاراقچىلار قولىدا قالدى، كىشى ئوزيارىغا ئوخشارمۇ.
كوككە يەتەر بۇپەريادىم، ئىشتىڭلار ئاھۇزارىم،
ئاھ، پەررۇخۇم ۋاپادارىم، بوزاغ بۇلبۇلغا ئوخشارمۇ.
يارانلاردىن جۇدا بولدۇق، غەمقولىدا ئادا بولدۇق،
ئاھ، جەمشىدىم ئىلاجىم يوق، تىكەنلەر گۈلغا ئوخشارمۇ.

پادىشا دېدىكى: «رەھمەت سىزلەرگە، ئەگەر ماڭا رەھىمڭلار كەلگەن بولسا، بىر غولام ئېلىپ بېرىڭلار، كىشىگە سىياسەت قىلماڭلار، خەزىنىدىن مال-تىللا ئېلىپ چىقىپ سەرپ قىلىڭلار. باھاسىنى كەم قىلماڭلار، ئىگىسىنى رازى قىلىڭلار، كوڭلىگە ئازار بەرمەڭلار، كۈندۈزى خىزمەت قىلىپ، كېچە ھەمرا بولغىدەك، خۇشرويى، نوچا غولام ئېلىڭلار» — دەپ ئەمرى قىلدى. ۋەزىر-ئەمرالار خەزىنىدىن پۇل-مال ئېلىپ چىقىپ، دىيارى بەكرىنىڭ چاھارسۇسىدا مۇنادىسى قىلدۇردى. «ھەركىمنىڭ پادىشاغا يارىغۇدەك غۇلامى بولسا ئېلىپ كەلسۇن، باھاسىغا قانچە دېسە ئالۇرمىز.»

ھەرتەرەپتىن بايلار غۇلاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھېچ غۇلام ئەمىرلەرگە يارىمىدى.

ئەلقىسسە: سوز ئىشتمەك كېرەك، ئول كۈنى قاراقچى شاھپەررۇخنى ئېلىپ قاچتى، ئۇنىڭغا غۇلام زادەدەپ ئات قويدى. ماكانىغا ئېلىپ بېرىپ ئون توت يىل مال باققىلى سالدى. بىر تەقدىر بىلەن ئۇنىڭ پۇل-مالى تۈگىدى. باشقىلارغا قەرزدار بولدى، قەرزنى تۆلەتتى. بىرەي دېسە ھېچنەرسىسى يوق، پادىشاغا بىر غۇلام لازىم بولۇپتۇدەپ ئاڭلىدى.

پەررۇخنىڭ قولىغا ياغاچتىن كۈندا سالدى. ئالدىغا سېلىپ تاغدىن چۈشۈپ، دىيارى بەكرىنىڭ چاھارسۇسىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمرالار كوردىكى، بىر خوش سۈرەت، شاھزادەسۈپەت بىر غۇلام قولىدا كۈندا، كوزىدە ياش تۆرۈپتۇ. ئەمرالار: «بۇغۇلامنى ساتارمۇسەن» — دېدى. قاراقچى: «ساتماس ئىدىم، ئاتامدىن قالغان غۇلام ئىدى، ماڭا نىيىتىنى بۇزدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قولىغا كۈندا سېلىپ ئېلىپ كەلدىم، ھەركىم ئالسا مىڭ تەڭگىگە ساتارمەن» — دېدى. ئەمرالار ئېتى نىمە دەپ سورىدى. قاراقچى: «ئېتى غۇلامزادەدۇر» — دېدى. ۋەزىر ئەمرالار: «ئەمدى پادىشاغا لايىق غۇلام تاپتۇق، ئون مىڭ تەڭگە دېسە ھەم ئالار ئىدۇق» — دەپ قاراقچىغا مىڭ تەڭگە بەردى. موھۇرخېتىنى ئالدى. باشتىن-ئاياق كېيىندۇردى. پادىشا كوردىكى، بىر ئاپتاپ تەلئەت غۇلام ھېچ ئەزاسىدىن خىزمەتكارلىق نىشانىسى بىلىنمەيدۇ. پادىشا رازى بولۇپ غۇلامنى ئوزىگە مەھرەم قىلدى. غۇلام كۈندۈزى خىزمەت قىلدى، كېچىسى ئۇخلىماي بىر بولۇڭدا يىغلاپ ئاھ ئۇرار ئىدى.

بىر كۈنى غۇلام چاھارباققا سەيلە قىلىپ، رەڭگارەڭ گۈللەر، ھەرتۈرلۈك جانىۋارلارنى كوردى. سۇدا ئوز ئەكسىنى كورۇپ، ئوز ئوزىگە: «ئون توت يىل ئىچىدە بىر قاراقچىغا بەندە بولۇپ، مېھنەت-مۇشەققەت تارتىم، خىزمەت قىلدىم، ئەمدى غۇلام بولدۇم، ھەم پادىشانىڭ ئالدىدا دولەتكە چىقتىم. مېھرىۋان ئانام، ۋاپادار ئاتام ۋە غەمگۇزار قېرىندىشىم قەيەرلەردە خارىزار بولۇپ يۈرگەندۇ» — دەپ خۇن جىگەردىن چىقىرىپ، باھارىيامغۇرىدەك ياش توكۈپ، جانىۋارلارغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خوش سايرىشور تۇتى قۇشلەر، ئۇلۇغ قاياشلارغا سالام دىگەيسەن،
مەندەك غېرىبې تۇرى هۇشلار، شەھەرسورغانلارغا سالام دىگەيسەن.
بىزنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان، دىيدەلىرى ياش نەم بولغان،
بىزنى يوقلاپ جەۋلان بولغان، دوستـيارانلىرىمغا سالام دىگەيسەن.
مىنىڭ ئۈچۈن يۈرەك داغلاپ، ئارمان بىلەن جانىم قىيناپ،
زار ئەيلىبان. قانلار يىغلاپ، گۈل چىھرە ئانامغا سالام دىگەيسەن.
ھەق كالامىن بەرھەق بىلگەن، جىگەر باغرى قانغا تولغان،
ئەجەل قولىدا شاراپ ئىچكەن، ئادىل شاھ ئاتامغا سالام دىگەيسەن.
شاھ پەرۇخ دەر قۇربانىم، ئىشتىڭلار دوستـيارانىم،
ئاھ، جەمشىدىم غەمگۈزاردىم، جەمشىدىمگە سالام دىگەيسەن.

غۇلام كۈندۈزى پادىشاغا خىزمەت قىلدى،
كېچەسى ئاتاـئانىسى ۋە قېرىندىشىنىڭ پىراغىدا
يىغلاپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى. ئاتا بالامنى، بالا
ئاتىنى تونۇمىدى.
بىر كۈنى بۇغۇلامغا پادىشانىڭ رەھمى كەلـ
دى. ۋەزىرـ ئەمىرلەرگە: «ئەي ۋەزىرلەر
مەن ئۆزەمنى دەرتمەن دىسەم، بۇغۇلام مەندىن
زىيادە دەرتمەن ئىكەن، كۈندۈزى شۇنداق
خىزمەت قىلىدۇ، ئەسلا سوز قىلمايدۇ، كېچە مەن
ئۆزئەھۋالىمغا يىغلىسام، بۇغۇلام ھەم ئۆزهاـ
لىغا يىغلاپ ئەسلا ئۇخلىمايدۇ. يەنە بۇ غۇلامغا
جۈرى بولغىدەك بىر غۇلام ئېلىپ بېرىڭلار»
ــدەپ ئەمىر قىلدى. ئەمىرلار چاھارسۇغا بېرىپ
مۇنادىي قىلدۇردى. ھەر تەرەپتىن باي لارغۇـ
لاملىرىنى ئېلىپ كەلدى. نەچچەمىڭ غۇلام جەم
بولدى. ھېچ غۇلام ئەمىرلەرگە ياقمىدى. بـۇ
خەۋەر دىيارى بەكرى ۋىلايىتىگە يېزىبولـدى.
سەييا تتىن سوز ئىشتىمەك كېرەك، دىـ
يارى بەكرىنىڭ كەنتىدە بىر سەيياد بار ئىـ
دى. ھەركۈنى دەرياغا تورسېلىپ بېلىق تـۇـ
تۇپ، شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ سېتىپ، خىراجەت
قىلۇر ئىدى. بىر ئاي بولدى، تورغا ھېچ جانۋار
چۈشمىدى. بالىلىرى ئاچلىقتا تەڭ بولدى.
بىر كۈنى ئەرـخاتۇن دەريالىۋىگە بېرىپ دەرـ
ياغا تورسالدى. زور بىر بېلىق كىلىـپ تورغا

ئىلىندى. سەييات تورنى تارتىپ بېلىقنى ئالـ
دى. «ئەي خاتۇن، بوغاز بېلىققا ئوخشايدۇ»ـ
دەپ بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى. ھەيھات ساھىپ
جامال 11 ياشار بىر ئوغۇل تۇرۇپتـۇر، جېنى
بارغا ئوخشايدۇ. ۋادەرىخا بولەھەك ئىكەن،
ئادەمنى دەم تارتىپتۇدەپ، بېلىقنىڭ قارنىدىن
شاھ جەمشىتنى ئالـدى. قوينىغا كومدى، ئاغزىـ
دىن سۈيېنىپ كوزىنى ئاچتى، ھوشىغا كەلدى.
بېلىقنى پارچەـپارچە قىلدى. ئىچىدىن توقـ
قۇزدا نە مەرۋايىت چىقتى. سەييات خـۇداغا
شۈكرى كەلتۈرۈپ، مەرۋايىتنى سېتىـپ بىر
مۇنچە ئوقەت قىلدى. شاھزادىغا ئاللا بەردى
دەپ ئىسىم قويدى. بۇشاھزادە سەيياتنىڭ ئۇن
توت يىل خىزمىتىنى قىلدى.
ئەلقىسسە: ئول سەيياتنىڭ دۇنياسى تۈـ
گىدى. ئەلگە قەرزدار بولدى. ئوزى قېرىدى.
بىر كۈنى خاتۇنىغا: «پـادىشـاغـا خىزـ
مەتكار لازىم بولۇپ ھېچ غۇلام يارىماپتۇ. ئاللا
بەردىنى سېتىپ قەرزىمىزنى ئاداقىلىساق نىـ
چۈك بولۇر»ــدىدى. خاتۇنى ماقۇل بولدى.
«ئۆز بالىمىزدىن چارى ئىدى، قەرزدار بولۇپـ
تۇرىمىز»ــدىدى. سەييات شاھزادىنىڭ قوـ
لىنى تۇتتى. «ئەي ئوغلۇم، سېنى بۈگۈن ساـ
تارمىز، بۇنىڭغا نىمە دەيسەن»ــدىدى، شاھـ
زادە سەيياتقا قاراپ خۇن جىگىرىدىن چىـ
قىرىپ بۇبېيتنى ئوقۇدى :

خانۇـماندىن جۇدا بولدۇق، غېرىپلىق يولىغا كىردۇق،
قاراقچىدىن ئازات بولدۇق، تەقدىردىن كەلسە نە يلەردۇك.
ئاتام ئىدى بىزگە غەمخار، ئانام يىغلاپ دائىم بىسيار،
ئاغام ئىدى ماھى رۇخسار، تەقدىردىن كەلسە نە يلەردۇك.
سېتىپ ئالساڭ پۇلۇڭدۇرمەن، كېچە ـ كۈندۈز قۇلۇڭدۇرمەن،
ھەر نە قىلساڭ رازى دۇرمەن، تەقدىردىن كەلسە نە يلەردۇك.

ئەلقىسسە: سەييات شاھزادىنى چاھار سۇغا ئېلىپ كەلدى. ئەمىرلەر كوردىكى پادىشاغا لايىق غۇلام ئىكەن، باھاسىنى سورىدى. سەييات: «بويى بىلەن باراۋەر ئالتۇن بەرسە ساتماس ئىدىم، نەقىلاي، قەرىزدار دۇرمەن، مىڭ تەڭگىگە ساتارمەن»ـدىدى. ئەمىرلەرمىڭ تەڭگىسا ناپ بەردى، موھورخېتىنى ئالــدى. غۇلامنى پادىشالىققا تاپشۇردى. غۇلامغا باشتىن ئاياق سەرپالار كەيگۈزدى. ئاۋالقى غۇلام بىلەن ئانداغ جۇرى بولدىكى، ئەسلا بىردىن كەملىگى يوق. كۈندۈزى پادىــشاغا بىجانىدىل خىزمەت قىلدى. كېچىسى ئۇزھالىدىرىغا يىغلىشىپ ئۇخلىمىدى.

پادىشا: «ۋادىرىخا، مۇندا قىمۇ دەرتلىك غۇلاملار بولۇرمۇ»ـدەرئىدى. ئەمما بىرسائەت بۇغۇلاملارنى كورمىسە پادىشانىڭ جانـدىلى كويەرئىدى. بۇغۇلام ھەمئەيشى پاراغەتكە چىقتى. ئەمما ئاتاـئانىسى، ئاغىسىنى يات قىلىپ زارـزار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

خانىماندىن جۇدا بولغان ئادىل شاھىم قايدا سەن،
غېرىپلىقتا گادا بولغان ئادىل شاھىم قايداسەن.
بىزنىڭ ئۈچۈن بولۇپ گادا، قىلاي سىزگە جانىم پىدا،
يىغان چىكىپ قىلىپ نىدا، شەھسىۋارىم قايدا سەن.
تەخت ئۈستىدە دەۋران سۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىدا كويگەن،
دەرتـئەلەمدە مىھنەت كورگەن غەمگۈزارىم قايداسەن،
كېچىلەردە بىدار بولغان، ئاق سۈتىنى دائىم بەرگەن،
كامالىمغا يېتىشتۈرگەن مېھرىبانىم قايداسەن،
قاراقچىلار سىنەڭ داغلاپ، ئارمان بىلەن جانىڭ قىيناپ،
مىنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ، ۋاپادارىم قايدا سەن.
قاراقچىغا بەندە بولۇپ، مەخمەل يۈزۈڭ گۈلدەك سولۇپ،
نەركەس كوزگە قانلار تولۇپ، قېرىنداشىم قايدا سەن.
قېنى سەندەك ۋاپادارىم، ئىشتىڭلار بۇئاھوزارىم،
مەندەك غېرىپ يوقتۇر دائىم، ئەدىردا نىم قايدا سەن.

ئاتا بىلەن بالا، قېرىنداش بىــلەن قېرىنداش بىرـبىرىنى تونۇمىدى.

ئەلقىسسە: سودىگەر بــەچچىدىن سوز ئىشىتمەك كېرەك، ئول كۈنى سودىگەر بەچچە مەلىكىنى ئېلىپ قاچتى، بىرچىدىرغا ئېلىپ كىرىپ نامەھرەملىككە قولسۇنــدى. مەلىكە:

«ئى نائىنساپ، مېنى ھىلە بىلەن ئېلىپ كېلىپ مۇنداق قىلىۋرمۇسەن؟» — دېدى. سودىگەر بۇ سۆزلەرگە ئەسلا قۇلاق سالمىدى. چادىرنى مەھكەم قىلىپ، كانارىغا ئالدى.

مەلىكە: «خىيالىڭ بۇئىشتا بولسا بىر سائەت توختىغىن، مەن ئۆزەمنى ھېيزدىن پاك قىلاي، بىرقاچىدا سۆكەلتۈرگىن» — دېدى. سودىگەر بىرچوگۈن سۇ بەردى. مەلىكە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ سەجدىگە باش قويدى...

ئەلقىسسە: شول سائەت سودىگەر بەچچىنىڭ كوزى ئۇيقۇغا باردى. ئانداق قورقۇنۇچلۇق بىرچۈش كوردىكى، سودىگەر سىلكىنىپ ئويغاندى. قىلغان ئىشقا مىڭ بىرپۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى مەلىكىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى: «ئى مەلىكە سەن مېنىڭ سىڭلىمدۇرسەن، بەت قىلدىم، خاتا قىلدىم» — دەپ مەلىكىنى ئېلىپ، پادىشا ئولتۇرغان يەرگە كەلدى، تاپالمىدى. ئاھ — ئەپغان تارتىپ يېنىپ كەلدى. بولغارىدىن بىرچىدىر قىلدى. تەختىنى ھەم بولغارىدىن ياسىدى. قوزۇقلىرىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن، تانا پىلىرىنى ئەۋرىشىمدىن قىلدى. لازىملىق نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلدى. مەلىكىنى ئاي، كۈنگە ھەم كورسەتمەي، بەشيۈزقاپىلە بىلەن ئۇن تۆت يىل يۈردى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەدىمى دىيارى بەكرىگە يەتتى. بەشيۈز قاپىلە بىلەن شەھەرنىڭ تېشىغا چۈشتى، ئات — ئولاغلىرىنى دىل جەم قىلدى. پادىشاغا لايىق، سوغا — سالام ئالدى، ئىككى غۇلام بىلەن ئادىل شاھنىڭ قېشىغا كىردى. پادىشاغا: «ئى پادىشاھى ئالەم، بىزلەر بەشيۈز سودىگەردۇرمىز، بەندەرگاھقا چۈشتۇق، بەشيۈز سودىگەرنىڭ چوڭىمدۇرمەن، ئەتەلىككە ماللىرىمىزنى كورۈپ بېجىنى ئالدۇرسىڭىز» — دەپ يانىماقىقا ئىختىيار قىلدى. پادىشاخوپ نەزەر قىلدى. مۇھەببەتلىك كىشىگە ئوخشايدۇ. كوڭلىدە: «بۇ سودىگەر مۇھەببەتلىك، سەرگۈزەشتىلىك مەلۇم بولۇدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىركېچە ئىلپەتلىشىپ غەملىك كوڭلۈمنى شات قىلاي» — دەپ سودىگەرگە قاراپ خۇنجىگىرىدىن چىقىرىپ بىر سۆز ئېيتتى.

ئەرزىمنى ئىشتكىل ساھىبى تىجار، بىركېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي،
كوڭۈل گىرەلىرىنى ئەيلىگىل ئىزھار، بىركېچە مۇنداقونساڭ نە بولغاي.
چىمەندە قۇشلار يىغلىشۇر گۈلگە، مۇنتەزىردۇر خوش — نۇت بۇل — بۇلغا،
ئەرز ئەيلە ھالىڭ مەندەك غېرىپقا، بىركېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي
ئوتۇپ باج — خىراجدىن خالاس ئەيلىسەم، قوشكۈن قونالغۇ بېرىپ ئادا ئەيلىسەم،
رەقىپلەر ئىلكىدىن جۇدا ئەيلىسەم، بىركېچە مۇنداقونساڭ نە بولغاي.

سودىگەر بۇبېيتنى ئىشتىپ: «ئى پادىشاھى ئالەم، مەندە كىشىنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. مۇبادا ئامانەتكە خىيانەت بولسا ئەسلا ھوددىسىدىن چىقالماسمەن» — دېدى.

پادىشا: «ئۇنداق بولسا مەن ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغىدەك ئىككى كىشىنى چىقىراي، قاچانكىم ئەندەك خىيانەت ۋاقى بولسا، جاۋابىنى مەندىن ئالغىل» — دەپ ئىككى غۇلامنى كەلتۈرۈپ قولىغا ئىككى قىلىچ بەردى. «بۇ كېچە تىجارنىڭ ئامانىتىنى ئۇخلىماي ئوبدان خەۋەر ئالغىل» — دەپ سودىگەرگە قوشتى. سودىگەر بۇغۇلاملارنى باشلاپ بېرىپ چادىرنى كورسەتتى.

«مانا ئامانەت مۇندا دۇر» — دەپ ئۆزى پادىشانىڭ قېشىغا كىردى. بۇكېچە تىجار بىلەن پادىشا ياخشى غىزالارنى يەپ، ئىچىشىدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بىر — بىرىگە بايان قىلىشتى. ئەمما پادىشا

بالىلىرىدىن، روزىغارىدىن جۇدا بولغىنىنى؛ تىجار پادىشانىڭ مەلىكىسىنى ئېلىپ قاچقىنىنى بايان قىلىشىدى.

غۇلاملاردىن سوز ئىشىتمەك كېرەك. غۇلامزادە ئاللابەردىنىڭ قېشىغا كەلدى. «ئەي ئاداش، ماڭا پادىشاغا سېتىلغىلى بىر يىل بولدى. سىزگە ئالتە ئاي بولدى. كۈندۈز پادىشانىڭ خىزمىتىدە، كېچە بولسا ھەر قايسىمىز ئوز ھالىمىز بىلەن بولۇپ بىر-بىرىمىز بىلەن مۇڭداشقىچىلىك بولمىدۇق. بۇكېچە ئامانەتتىن خەۋەر ئالغىن دەپ چىقاردى. بۇ چېدىردا دۇنيا، ئالتۇن بارمىكىن، نىمە ئامانەت بارلىقىنى بىلمەسمىز، بۇ ۋاقىتقىچە ئۇخلىماي ئوبدان ساقلىدۇق. ھەممە تىجارلار ئۇخلايدۇ، تۈن سەھەر ۋاقتى بولۇپتۇ. ئەندى ئۇخلاپ قالساق مۇبادا ئەندەك خىيانەت ۋاقى بولسا ئەتە ئەسلا ھوددىسىدىن چىقالماسىمىز. تاڭ يورىغىچە ئۇخلىماي بېشىمىزدىن ئوتكەن سەرگۈزەشتىمىزنى بايان قىلىپ ئولتۇرايلى»— دېدى. ھەر ئىككى غۇلام چېدىرغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. كەنجى غۇلام: «ئەي ئاداش، مەن بېشىمدىن ئوتكەن شەرگۈزەشتىمنى بايان قىلغىلى دىلىم كويۇدۇ، جېنىم قاخشايدۇ، ئەگەر بايان قىلسام ئەرشى كۈرسى، لوھى قەلەم تىترەيدۇ، ماھىيانە دەريا، مۇرغىيانە ھاۋا يىغلاپ كېتىدۇ، سەن سەرگۈزەشتىڭنى بايان قىلغىن»— دېدى. غۇلامزادە: «ئەي بۇرادەر مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى ئىشىتكىلى سەن ئاجىز كېلۇرسەن. ئەگەر قەدرىنى بىلسەڭ، زېھنىڭگە ئالساڭ ئەسلا تاقەت قىلالماسسەن»— دېدى. كىچىك غۇلام ئاۋالدىن-ئاخىر بېشىغا كەلگەن سەرگۈزەشتىنى بايان قىلىپ خۇن جىگىرىدىن چىقىرىپ:

بايان قىلسام كەچمىشىمنى، سوزۇم ئىشت جانىم دوستۇم،
ساڭا ئېيتاي بۇ دەردىمنى، سوزۇم ئىشت جانىم دوستۇم.
بايان قىلاي شەھرى يەمەندە، ئاتام ئەردى خوش-خۇرسەندە،
بۇلبۇلسايرار ئولچىمەندە، سوزۇم ئىشت جانىم دوستۇم.
بىر كۈن كەلدى يەتتە قەلەندەر، «ھەق شەيئىللاھۇ» دەر،
ئالەم بولدى ھەم مۇكەررەر، سوزۇم ئىشت جانىم دوستۇم.
قىرىق كۈن شاھلىقنى تىلىدى، ئاتام ئاڭا شەھرىن بەردى،
شەھەردىن بىزنى چىقاردى، سوزۇم ئىشت جانىم دوستۇم...

دەپ بېيىت ئوقۇپ، ئوزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ بېشىدىن ئوتكەن ئىشلارنى تەپسىلى ھېكايە قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان شاھ پەررۇخ تاقەت قىلالماي ئاھ چەكتىدىم، شول قېرىندىشىڭىز پەررۇخ مەن ئەمەسمۇ، دەپ ھەر ئىككىلىسى قۇچاغلىشىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە گۈلچېھرە بۇ غۇلاملارنىڭ سوزىنى مەن ھەم ئاڭلاي دەپ چېدىرنىڭ ئىشىگىگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرغان ئىدى، بۇ سوزلەرنى ئىشىتىپ ئون توت يىلنىڭ ئىچىدە جۇدا بولغان پەرزەنتلىرىم ئوشبۇدۇر دەپ پەھەم قىلىپ، چېدىرنىڭ ئىشىگىنى پارە-پارە قىلىپ، چىقىپ بۇ ئىككى پەرزەنتلەرنىڭ بويىنىدىن قۇچاغلاپ، زار-زار يىغلاپ چېدىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. «ئى پەرزەنتلىرىم ئون توت يىلدىن بىرى گۈلدەك جامالىڭىزدىن جۇدا بولغان، پەرزەندى ئارزۇسىغا قانمىغان، دەرت پىراقىدا ۋە ئاتەش ئىشتىياقىدا ھەيران بولغان گۈلچېھرى ئاناڭلار مەن ئەمەسمۇ»—دەپ پەرزەنتلىرىگە قاراپ خۇن جىگىرى-

دىن چىقىرىپ بىرسوز ئېيتتى؛

دەرت ئەلەمدە خانۇمانىدىن ئايرىلغان،
ۋاپادار ئانائىلارمەن ئەمەسمۇ.
مەجنۇنكەبى ئىشىق ئۇتىدا سورۇلغان،
غەمگۇزار ئانائىلارمەن ئەمەسمۇ،

ئاھ بالامدەپ ئاھلارئۇرۇپ، قانلار يىغلاپ،
سېنىڭ ئۇچۇن پەريات ئۇرۇپ سىنەم داغلاپ،
ئارمىنىم يوق ئۇلسەم ئەندى جانىم قىيناپ،
ۋاپادار ئانائىلار مەن ئەمەسمۇ.

پەرۋىش قىلىپ كاما لىڭغا يەتكۇزگەن،
توققۇز ئاي، توققۇزكۇن قوساق كوتەرگەن،
تۇنسەھەر قوپۇپ ئاق سۇتۇن بەرگەن،
مېھرىبان ئانائىلارمەن ئەمەسمۇ.

نەبولدىلەر، ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتلەر ئۇتىدىن باغرىم يارادۇر،
ھەسرەت بىلەن مېنىڭ جانىم چىقادۇر،
ۋاپادار ئانائىلار مەن ئەمەسمۇ.

سېنىڭ ئۇچۇن ئاللاغا مەن يالۋۇرىپ،
گۇلدەك يۇزۇم زەپىراندەك ساغىرىپ،
سىنەم داغلاپ پىراقىڭدا ياش توكۇپ،
شۇل ئىستىگەن ئانائىلار مەن ئەمەسمۇ.

گۇلچېھرە مەن، بالام ئىشت دادىمنى،
ھېچكىم بىلمەس ئەردى مېنىڭ ھالىمنى،
سېنىڭ ئۇچۇن پىداقىلاي جانىمنى،
مېھرىۋان ئاناڭلار مەن ئەمەسمۇ...

بۇ بېيتنى ئوقۇپ، ئىككى شاھزادىنىڭ يۇزىگە يۇزىنى قويۇپ، قولىنى بوينىغا سېلىپ زار-زار يىغلاپ بىھوش بولۇشتى.

ئەلقىسسە: بالائانىغا، ئانا بالىغا تويىماي تالىڭ ئاتتى. ئۇلار ھېچنەرسىدىن بىخەۋەر ئىدى.

شۇئەسنادا تىجار پادىشا ئالدىدىن چىقىپ، بىرىپ كوردىكى: ھەيھات! چېدىرنىڭ ئىشىكلىرىنى پارە-پارە قىلىپتۇر، ھەلىكىنىڭ بوينىغا ئىككى غۇلام قولىنى سېلىپتۇر. مەلىكە ھەم قولىنى غۇلاملارنىڭ بوينىغا سېلىپتۇر. يۇزىنى-يۇزىگە قويۇپ ئەشقى پېچەك تالىغا چىرماشقاندەك چىرمىشىپتۇر. بەشيۇز تىجار بۇيەردە خوجامنىڭ خاس ئامانىتى باردەپ، كوز يەتمەس يەردىن ئەسلا يېقىن كەلمەپتۇر. تىجار بۇھالنى كورۇپ: «ۋادەرىخا، ئۇن تورت يىلنىڭ ئىچىدە پەردە ئىچىدە ساقلاپ ئىدىم، بۇكېچە ۋاقىتنى غەنىمەت تېپىپ نامەھرەمگە بويۇن سۇنۇپتۇر، مەزلۇم كىشىگە ئىشىنەرمۇمەن، دوزاققا سازاۋەر قىلىپتۇر»-دەپ ساقىلىنى يۇلدى. ئوزىنى-ئوزى كاچاتلىدى. ئوردىغا كىردى: «دات پادىشاھى ئالەم، غۇلاملىرىڭىزنىڭ دەستىدىن دات»- دىدى. پادىشا: «ئى دوستۇم تىجار ئالدىرىما، نىمە ۋاقە بولدى»-دەپ سورىدى. تىجار: «پادىشاھى ئالەم مەن ئېيتمىدىممۇ، مۇندا قونالماسمەن، ئامانىتىم باردۇر، دىسەم ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغىدەك كىشى چىقىراي دەپ ئىككى بۇرنى كوپكەن، خوتۇنسىزلىققا جۇرۇپ قالغان غۇلاملىرىڭىزنى چىقارغان ئىكەنسىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان شۇبۇ ئەمەسمۇ»-دەپ ئەرز قىلدى:

مۇندا قوندۇم ئېزىز شاھىم جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ،
ئېغىردور تاغدىن گۇناھىم جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.
ساڭا ئېيتاي مەن بۇدادىم كوككە يېتەر ئاھ پەريادىم،
قۇرۇپ كەتتى نەسلى زاتىم جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.
ئېزىز جانغا جاپا قىلىپ مەن غىرىپنى غەمگە سېلىپ،
دوزاخ ئوتىنى جانغا سېلىپ، جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.

ئېيتمىدىممۇ ئى سۇلتانىم چىقىپ كەتسۇن تەندىن جانىم،
ۋەدە يالغان توككىل قانىم، جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.
نىلەر كېچەر تىجارھالى، جەھەننەمگە بولدى جارى،
كىمگە بولۇر ھەم ۋابالى جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.

پادىشا بۇنى ئاڭلاپ: «بۇ ئۇخۇممۇ ياچۇشۇممۇ، نىمە ۋاقە بولدى»-دەپ يەتتە ۋەزىرنى چاقىردى. «ئى ۋەزىرلەر چىقىپ كۆرۈڭلار، راستيالغاننى ئايرىپ كىرىڭلار»-دىدى. ۋەزىرلەر چىقىپ كۆردىكى، تىجار دىگەندەك يېتىپتۇ. يېنىپ كىرىپ پادىشاغا ئاڭلاتتى. پادىشا دەرغەزەپ بولۇپ: «جاللات!»-دىدى. ئىككى تەرەپتىن توققۇزدىن ئون سەككىز جاللات قوپتى. «لەببەي پادىشاھىم، ۋە سۇلتانى باكىرەم ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دولەتلىرى پۈزۈن بولسۇن، تىغىمىزغا نەسىر بىغان، كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرغا يەتتىكەن»-دىدى. پادىشا بۇيرىدى: «تىجارنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان ئىككى غۇلامنىڭ بېشىنى كەسكىن، كاللىسىنى مۇندا ئېلىپ كەلگىن!» توت جاللات چېدىرغا راۋان بولدى. ئۇلار ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز ياتارئىدى. جاللاتلار بېرىپ پادىشاھى ئادىلنىڭ ھوكمى دەپ مەلىكىنىڭ قوچاغىدىن ئىككى غۇلامنى تارتىپ ئېلىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، ئىككى كاللىنى ئېلىپ ئوردىغا راۋان بولدى، پادىشانىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە كوردىكى تورت جاللات چىقىپ كەپ سورىماستىن ئىككى پەرزەندىنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى ئېلىپ كەتتى. تېنى خار-زار قانغا بويۇلۇپ توپراقتا قالدى. مەلىكىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇلۇق بولدى، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. يەنە ھوشىغا كېلىپ كىيىملىرىنى يىرتىپ، چېچىنى چۇۋۇپ يايدى. بېشىغا توپراقلار چېچىپ پەرزەندلىرىنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئەمرالار: «بۇ مەلىكە تىجارنىڭ خاس مەھرىمىدۇر، مۇنى توتقىلى بولماس، پادىشانىڭ غەزىۋىگە ئۇچرارمىز»-دىيىشتى. ھېچكىم مەلىكىنى توتمىدى. بىلمىگەنلەر: «مەزلۇملەرگە ئەردەك تاتلىق نەرسە جاھاندا بولماس، كوردۇڭلارمۇ، ئولۇكنىڭ ئارقىسىدىن پەريات ئۇرۇپ كېتىپ بارىدۇر»-دەرئىدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە بارغانچە ئىككى باشنى قولىغا ئالدى، قانلىق يۈزىگە يۈزىنى سۈرتتى. ئۆزىنى يەرگە ئۇردى. «ئون توت يىلدىن بېرى جۇدا بولغان پەرزەندىم، ئارزۇ-ئارمانىغا قانمىغان ئاھ پەرزەندىم، ئانا جامالىغا تويمىدىڭ، نىمە گۇناھ قىلىپ ئىدىڭ، پادىشا سېنىڭ بېشىڭنى كەستى»-دەپ زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئون توت يىلنىڭ ئىچىدە بولدۇم مەنگادا،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.
پەرزەنتلىرىم ھىجرىگە بولدۇم مۇپتىلا،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

مەن بىلمىدىم ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتلىرىم دەردىدىن باغرىم يارادۇر،
رازىدۇر مەن جانىمنى ئالساڭ راۋادۇر،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

پەرزەندىمنىڭ جاللاتلار باشىنى ئالدى،
ئېرىزتېنى ساغىرىپ توپراقتا قالدى،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرى قانغا بويالدى،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ئاھ-زار چېكىپ خانىماندىن مەن كېچىپ،
ھەسرىتىڭدە بېشىمغا توپراقلار چېچىپ،
تەسەددۇغۇڭ بولاي ئىن بۇجاندىن كېچىپ،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن كۆتەردىم ئۇنى،
تۈن سەھەرلەر ئۇخلىماي بەردىم سۈتۈمنى؛
نەگۇنادىن ئۆلتۈردۈڭ غېرىپ قوزۇمنى،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل...

رەھمە ئەيلىگىل ئىشاھىم غىرىبىھالىمغا،
قويما مېنى مۇندا دۇنيا-زارلىمغا.
رازىدۇرمەن توككىل قىزىل قانىمغا،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ئەجەپ بولدى ماڭا ئاخىر زامانلار
بىلمەس مېنىڭ ھالىمنى ھېچ نادانلار.
تىرىكلىكىم ئەندى ھارام يارانلار،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

گۈلچېھرەمەن دائىم ئاقار كۆزيېشىم،
پەرزەنتلىرىم ئەردى مۇڭلۇق يولداشىم.
بۇ دۇنيا ئاخىرەت مېنىڭ سىرداشىم،
ئى پادىشا رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

دەپ بىھوش بولدى. پادىشاھ ھەيران قالدى. «ئى تىجار بۇنىمە ۋەقە، بۇمەلىكە قانداق كىشىنىڭ ئاياللى ئىدى»-دەپ سوردى. تىجار دىدى: «ئى پادىشاھى ئالەم، دولەت ئىززەت-ھۆرمەتلىرىڭىز يار بولسۇن، بىر كۈنى بەشيۈز قاپىلە بىلەن يولىمىز تاققا چۈشتى. كۈن ئولتۇردى. بۇكېچە ناھايىتى قاراڭغۇلۇق بولدى، ئۈچغۇلام بەتچىلىرىمنى كەينىمگە سېلىپ، ئوغرى-قاراقچىلار تىجارلارغا زەرەر يەتكۈزمەسۇن دەپ تاغ ئۈستىگە چىقتىم؛ تاغ تۈۋىدە ئوتنىڭ شولىسى كۆرۈندى. يېقىنراق باردىم، كۆردىمكى پادىشالاردەك بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇر، ئۇنىڭ يېنىدا شاھزادەسۈپەت ئىككى بەچچە، بىر مەلىكە ئولتۇرۇپتۇر. مەلىكىنى كۆرۈپ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈم، كۆڭلۈمگە بىر پىكىر چۈشتى، ھىلە بىلەن ھېلىقى كىشىنى ئازدۇرۇپ بىر پەرزەندە بىلەن مەلىكىنى كەينىمگە سالدىم، تاغ ئۈستىگە چىقىپ بەچچىنىڭ بېشىغا قامچا ئۇرۇپ، مەلىكىنى ئاتقا مىندۈرۈپ چېدىرغا ئېلىپ كەلدىم. شەيتان غالىپ بولدى. نەپسىم تەقەززار قىلدى، مەن مەلىكىگە قول سۇندۇم. مەلىكە قەتئى مەنئى قىلدى...» دەپ پۈتۈن ۋاقەنى بايان قىلدى. تىجار يەنە شۇنداق دېدى: «قورقۇنۇشلۇق چۈشتىن ئويغىنىپ مېنى دەھشەت باستى، مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدىم، توبە نۇسۇ قىلدىم، بۇمەلىكىنى ئىگىسىگە تاپشۇراي دەپ ئۇ ئول كىشى ئولتۇرغان يەرگە كەلدىم، ئىگىسى يوق، ئانچىنان ئىزدەپ تاپالمىدىم، ئاماھرەمگە قارايدىغان كۆزۈمنى كور قىلدىم، مەلىكىنى جان دىلىم بىلەن ئۆزەمگە سىڭىل قىلدىم، مەلىكىنى پەردىگە ئالدىم، ئۇن تۆرت يىل بولدى، شەھەرمۇ-شەھەر، چۆلمۇ-چۆل بەشيۈز قاپىلە بىلەن يۈرۈپ ئىگىسىنى تاپالمىدىم، ھالا بۈگۈن مۇنداق بولدى، بۇغۇلاملاردىن خەۋىرىم يوق».

پادىشانىڭ يۈرىكى تىترىدى، رەڭگى-رويى زەپىراندەك سارغايدى. «ئى تىجار ھېلىقى مەلىكە شۇمۇ؟»-دەپ سوردى. تىجار: «ئارى شۇدۇر» - دېدى. پادىشا قەنشەربەت قىلىپ، مەلىكىنىڭ بېشىدىن يۇلەپ شەربەت ئىچۈردى. مەلىكە كۆزىنى ئاچتى. پادىشا: «ئى مەلىكە بۇ غۇلاملار قانداق قىلىپ سېنىڭ پەرزەندىڭ بولىدۇ، ماڭا بايان قىلغىل»— دېدى. مەلىكە تاكى يەمەندىن چىقىپ چادىردا پەرزەندلىرى بىلەن كۆرۈشكەنگە قەدەر بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى.

پادىشا تاجىنى يەرگە ئۇردى. ئۆزىنى تەختتىن تاشلىدى. ئىككى پەرزەندىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، يامغۇردەك ياش توكۇپ نالە پەريات قىلدى. مەلىكىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ خۇن جىگەردىن چىقىرىپ بۇبېيىتنى ئوقۇدى:

...ئەرزىمنى ئىشىتكىل ئەمىرزادىلار، باغرى قارا قان بولغان مەن ئەمەسمۇ،
ئۆز تېغىمدىن كەتكەن شېھىتزادىلار، ئىز دىگىنىڭ شاھى جاھان مەن ئەمەسمۇ.
تىغ بىرلە ئۆزەمنى بەربات ئەيلەسەم، ياقام يىرتىپ دات- پەريات ئەيلەسەم،
غەملىك قۇلامەن ئۆزەمنى ناشات ئەيلەسەم، مېنىڭ جانىم ساڭا قۇربان ئەمەسمۇ.

يىغلىماي نەيلەيىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى، پەرزەندىم دېگەندىن باغرىم ئېزىلدى،
پېشانەمگە قىسمەت مۇنداق يېزىلدى، قان يىغلىغان ھەسرەتلىك خانىمەن ئەمەسمۇ....

بېيىتنى تامام قىلىپ شۇنداق دېدى: «ئى ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر، مەن بۇ دۇنيادا تىرىكلىك قىلالمايمەن، مېنى ھەم بۇ ئىككى پەرزەندىمنىڭ جەسىدى بىلەن كۆمۈڭلەر، مەن سىزلەردىن رازىدۇرمەن.»

ئەر، مەزلۇم جەسەتنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ بىھوش بولدى، بۇ كۈنى شەھەرنىڭ ئىچىگە غۇلغۇلا تولدى، ئاسمان-زېمىن لەرزىگە كەلدى. ئەرشى كۈرسى تەۋرىدى. لوھى قەلەم يىغلىدى. ئەمىرلەر پادىشانىڭ ھالىغا يىغلىشىپ ھەيران بولدى. پادىشانىڭ بېشىدىن بولەپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ: «ئى پادىشاھى ئالەم، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرى دەپتۇ، باغدات شەھرىدە بىر بۇزرۇك كىشى بارئىمىش، ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغان خىسلىتى بارئىمىش، ئۇ يەرگە نەزىر-نىيازى بېرىپ بارساق، شايەتكى بۇ شاھزادىلەر تىرىلسە، مۇرادىڭىزى ھاسىل بولسا ئەجەپ ئەمەس» — دېيىشتى.

بۇ سۆز پادىشاغا تەسىر قىلىپ، باغداتنىڭ جايىدۇغىنى ھازىرلاشقا ئەمىر قىلدى. مەيلەرگە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى سېلىپ، توگە، ئاتلارغا ماللارنى يۈكلەپ، ئىككى پەرزەندىنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ مەلىكە بىلەن يولغا راۋان بولدى، مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەن تىجار ھەمزا رىزا يىغلاپ: «مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇ ئىككى شاھزادىلەر ھالاك بولدى. مەن ھەم باغداتقا بېرىپ گۇنايىمنى تىلەپ كېلەي» — دەپ قۇل-غۇلاملىرىنى ئازات قىلىپ، دۇنيا-ئوقەتلىرىنى سەدىقە قىلىپ راۋان بولدى. پادىشا ئۈچ ئايدا باغداتقا يەتتى. مال-توگىلەرنى ئولتۇرۇپ، نەزىر قىلدى، ئېلىپ بارغان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى بۇزرۇكنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، ئۆزىنى تۇپراققا بۇلغاپ، مەدەت قىلىشنى سوراپ زار-زار يىغلاشتى.

ئۇ، بۇزرۇك ھاسىسى بىلەن شاھزادىلارنىڭ جەسەتلىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئىككى شاھزادە بىردىن چۈشكۈرۈپ، تىرىلىپ، ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئىككى شاھزادە مەلىكە، ئادىل شاھ، سودىگەر، ۋەزىر ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى. ۋە ئىجازەت ئېلىپ دىيارى بەكرىگە يېنىپ كەلدى.

ئەلقىسسە: سۆز ئىشىتمەك كېرەك، ئۇل كۈنى پادىشاھى ئادىل شەھرى يەمەندىن قېچىپ چىقتى. قەلەندەر پادىشانى ئەتىسى ئانچىنان ئىزدەپ تاپالمىدى. «بۇ ۋىلايەت بىزگە ئۆتكۈچە قېلىپتۇ» — دەپ قەلەندەر بارچە شەھەرلەرنى ئۆز دەستىگە ئالدى. بۇ قەلەندەرلەر شەھەرنى ئانداق پاراكەندە قىلدىكىم، يۇرت چوڭلىرى قازى، مۇپتى ئەلەملەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنى زىندانغا سالدى. پۇخرالارغا زۇلۇم-سىتەم، جاپا قىلىشنىڭ چېكى قالمىدى. بۇ قەلەندەر ئون تۆرت يىل پادىشالىق قىلدى. شەھەرنىڭ سېپىللىرى يىقىلدى، پۇخرالار ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. بۇ يەتتە قەلەندەر شەھەرلەرنى تالىشىپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئاخىرى بىرى قالدى.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى زىندان ئىچىدىكى شەھەر چوڭلىرىدىن يەتمىش كىشى بىر-بىرىنىڭ بەندە-بەندىنى پارە-پارە قىلىپ: «ئى بۇرادەرلەر، مەردانە بولۇڭلار، بۇ قەلەندەرلەرنى ياخشى كورۇپ، ئادىل شاھتەك ياخشى پادىشانى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردۇق. ئۇنىڭ قىساسىغا زىندانغا گىرىپتار بولدۇق. ئاخىرى بىر كۈنى بىزلەرنى ئۆلتۈرۈدۇ. ئەمدى بىر كۈن تۇغۇلماق، بىر كۈن ئۆلمەك كېرەك» — دېيىشىپ قولىغا تاش، توخماق ئېلىپ چىقىپ، زىندان بەندىسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۈن نىسپىدە ئوردىنى بۇزۇپ، قەلەندەرنى تۇتۇپ، تەختىنى تابۇتقا تارتتى.


بۇلار ئاڭلىدىكى ئادىل شاھ دىيارى بەك-

رىەە پادىشا بولۇپتۇر. شەھەر ئۇلۇغ-لىرى مەسلىھەتلىشىپ ئادىل شاھقا نامە پۈتۈپ ئەلچى ئەۋەتتى. «بۇ شەھەردىمىز باشىمىز قالدى، ئىلتىماسات قىلىپ بۇ شەھەرنى قوللىرىدغا ئېلىپ، بىز پەقىرلەرنىڭ دادىغا يەتسەلە» — دەپ ئەلچىنى يولغا سالدى. بۇ ئەلچى نەچچە ۋاقت يول يۈرۈپ دىيارى بەكرىگە يەتتى. ئادىل شاھقا سوغا-سالاملارنى ئۆتكۈزۈپ كورۇنۇش قىلىپ، نامىنى تۇتۇپ بەردى. پادىشاھى ئادىل نامىنى قولىغا ئېلىپ، مۇتالىيە قىلىپ، يەمەن چوڭلىرىدىن كوڭلى شىكەستە يىگەن توپە يىلىدىن ئۆزى بىرىشنى ئىختىيار قىلمىدى. مەلىكىنى ئېلىپ كەلگەن تىجارنى ئۆز ئورنىدا يەمەنگە پادىشا قىلىپ، موھۇرىنى بېرىپ، كەلگەن ئەلچىگە قوشۇپ ئىبەرتتى. بۇ تىجار يەمەنگە بېرىپ پادىشا بولۇپ، شەھەرلەرنى ئۆز دەستىگە ئېلىپ، ۋەيرانلىقنى ئابات قىلىپ، پۇخرالارنىڭ دادىغا يېتىپ، شەھەرنى مۇنەۋۋەر ئەيلىدى.

ئادىل شاھ دىيارى بەكرىدە مەلىكىسى ۋە ئىككى پەرزەندى بىلەن دات سوراپ ئالەمدىن ئۆتتى.

## كىچىك لۇغەت

ئاكابىر-ئەشرەپ— يۇرت چوڭلىرى مەنىسىدە.
ئاپتاپ تەلئەت— ئۈچۈق چىراي.
ئەندەك— كىچىككىنە، ئازغىنە.
ئەردىزداش— قارشى دەۋاگەر.
ئەشكى— كوز يېشى.
ئەبغان— پىغان.
بادىسەل— قاتتىق شامال.
بەندە— قۇللۇق، مەھكۇملۇق.
بەرەھنە— ئاندىن تۇغما.
بەچچە— ئوغۇل.
بىدار— ئۇيقىسىز، ئويغاق.
بىسيار— كوپ، نۇرغۇن.
گۇندا— ياغاچ كىشەن.
غۇلام— خىزمەتكار.
غەمناك— غەملىك.
دىدە— يۈز.
رەئىيەت— خەلق.
روزىغار— ئۆي، ماكان، ئىگىلىك.
فوزۇن— زىيادە، مول.
قاپىلە— كارۋان.
لالەگۇن— لالە رەڭلىك (قىزىل)
ۋابالى— ئىزۋالى.
تىجار— تىجارەتچى، سودىگەر.
ناگاھ— تۇيۇقسىز، تۇساتتىن.
نابىنا— كور، قارغۇ.
نەركەس— نەرگىس گۈلى.
نەۋجۇۋان— ياش يىگىت.
نىياز— سەدقە قىلىش، بېرىش.
نۇشىرۋان— ساسانىلار شاھى (531-579)
ماھىرۇخسار— ئاي يۈزلۈك.
مەھرەم— مۇھاپىزەتچى.
مۇنەۋۋەر— نۇرلۇق، يورۇق، پارلاق.
مۇنىس— ھەمدەم، ئۈلپەت
مۇنادى— جاكالاش.
مۇكەررەر— ئەركىلەتمەك.
مۇرۇۋۋەت— ياخشىلىق.
مۇنتەزىر— ئىنتىزار.
چەندان— نۇرغۇن.
جاما لىللا لىقا ئەيلەر— «تەڭرى ئۆزىنىڭ جامالىنى كۆرسەتكەي» مەنىسىدە.
شەھسىۋار— ئاتلىق.
شىكەستە— زىدە بولۇش، رەنجىش.
سەرۋى قامەت— سەرۋى دەرىخىدەك كېلىشكەن.
سىتەم— جەبرى-زۇلۇم.
سۇلايمان— ئەپسانىلاردىكى ئىنسى-جىنلار پادىشاسى.
خانىمان— ئائىلە ئىگىلىكى.
خوشرۇي— ئۈچۈق چىراي.
ھىجىر— ئايرىلىش.
زاغ— قاغا-قۇزغۇن.
زارچۇن ئەبرۇ نەۋباھار— باھار يامغۇرىدەك ياش توكۈش مەنىسىدە.
زايىل— ئازدۇرۇش،
زەررىن— ئالتۇن ھەل بېرىلگەن.



## باللار مۇنبىرى

# ئىككى شېئىر

ھىدايەت تۇردى

## بىزنىڭ بايرام (1)

ئالتىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى،
بىزلەرنىڭ بايرام كۈنىمىز.
بۇ بايرامدا بۇلبۇلدەك شوخ،
سايراپ جەۋلان قىلىمىز.

يېڭى باغنىڭ گۈلى بىز،
بىز ئۆسىمىز، گۈللەيمىز.
باغ ئارىلاپ بۇلبۇلدەك-
تاڭ سەھەرلەردە سايرايمىز.

كۈلدى بىزنىڭ بەختىمىز،
پارلاق بىزنىڭ ئەتىمىز.
ۋەتەننى گۈلگە ئوراش، پەن-
ئۆگىنىشتۇر ئەھدىمىز.

1951-يىل 5-ئاي.

## مېنىڭ ئەھدىم

( باللار تىلىدىن )

مەكتىۋىمدۇر پەن بۇلاغى،
ئۇندىن شەرۋەت ئىچمەكتىمەن.
كومپارتىيە قۇياش مېھرى-
بىلەن ساغلام ئۆسمەكتىمەن.
باغۋەنىمدۇر ئۇستازلىرىم،
كوكەرتمەكتە دىل يېغىمنى.
كەتكۈزمەيمەن بوش-بىكارغا،
مىنۇت ۋاقتىم، ياش چېغىمنى.
ئەخلاق، ئەقىل، ساغلاملىقتا،
تەڭ يېتىشمەك ئەھدىم مېنىڭ.
ئەل-ۋەتەنگە، كەلگۈسىگە،
بارۇ-يوقۇم تەقدىم مېنىڭ!

(1) ھورمەتلىك كىتابخان! بۇ «بايرام ناخشىسى» نى ئوقۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىڭىز يادىڭىزدىن كەچكەندۇ!؟ تىڭشاڭ: ئەنە، سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىزمۇ بۇ ناخشىنى ئوقۇپ ئۆزىنىڭ بايرىمىنى تەنتەنە قىلمۇاتىدۇ... نەقەدەر ئومرى ئۇزۇن ناخشا-ھە! سىزگە بۇ ناخشىنى يېزىپ تەقدىم قىلغان پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى، ھېلىمھەم ئىنجات قەدىمىنى توختاتقىنى يوق. ئۇ يەنىلا سىزنىڭ پەرزەنتلىرىڭىز ئۈچۈن يېڭىدىن-يېڭى «بايرام ناخشىسى» يازماقتا...

# گۆھەر تىل

ئەنۋەر نىياز (تولۇق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

دىل گوھىرى ئانا تىل،
دوستۇم ئۇنى ياخشى بىل.
ئۇندىن ئېلىپ مول ئوزۇق،
ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىل.
تىلنى پىششىق بىلمەكلىك،
ئېلىپ كېلەر زېرەكلىك.

ئانا تىلنى قەدىرلە،
ئۇبىزگە ئەڭكېرەكلىك.
«تىل كوڭۈلنىڭ ئاچقۇچى»
ئۇنى گوھەر بىلىڭلار.
ئۇنى ياخشى ئىگەللەپ،
پەن كانىنى قېزىڭلار.

# ئۆگەن ياشلىق ھاياتىڭدا

مەغپىرەت ئابدىرېھىم (تولۇقسىز سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئۆگەن ياشلىق ھاياتىڭدا،
ۋاقىتنى سەن غەنىمەت بىل،
ئۆگەنمەكنى ھېمىشەم سەن.
جىمى ئىشتىنمۇ قىممەت بىل.
بوياق بىلەن بوياپ سىرتىڭ،
ئوزەڭنى چاغلىما بىرگۈل.

يۇراقسىز گۈلگە شەيدا بۇپ،
جاھاندا سايرىماس بۇلبۇل.
ئەگەر سەن ياخشى بىرئىنسان،
ئاداقىل ئەسلى يۈرچىڭنى.
ئۆگەنگىن ئىختىرا قىلغىن،
ئاۋات قىل ئانا يۇرتىڭنى.

# گالىستۇك

گۈلىستان قىز (تولۇقسىز سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

بويىنۇمدىكى گالىستۇك
قىپ-قىزىلدۇر ياپراقتەك.
يۈرىكىدۇ يولۇمنى،
خۇددى مەشئەل چىراقتەك.
بويىنۇمدىكى گالىستۇك،
مېنى ئالغا ئۈندەيدۇ.

«كومەمونىزىم قۇرۇشقا،
دائىم تەييار بول!»دەيدۇ.
بويىنۇمدىكى گالىستۇك،
نۇرچاچىدۇ ھەممە چاغ.
پىونېرلىق شەنىمگە،
يۇقتۇرمايمەن قىلچە داغ.

# سىرلارنى ئېچىشقا

تۇرغۇن ئابدۇللا (تولۇق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

كېلىمىز دوستلار بىرلىكتە،
تىرىشايلى ھەركۈنى.
پەننىسۇيۈپ يۈرەكتىن،
ئۆگىنەيلى ھەركۈنى.

ئورلەيلى بىز ئەڭئىگىز،
پەللەلەرگە چىقىشقا.
ئېچىلمىغان سىرلارنى،
ئىزلەپ تېپىپ ئېچىشقا.

بۇشېئىرلار—خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشلىگەن «غۇنچىلار» دىگەن تام گېزىتىدىن تاللىۋېلىندى.

# ھاراقكەش

(ھېكايە)

ئەركىن مەتتۇرسۇن (ئۇقۇغۇچى)

بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتكەن مەجىت دەلدەڭشىگەن پېتى ئىشىكتىن چىقتى.

ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ قىسىلغان، ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەي ئەترەك نىلوندىن تىكىلگەن كاستيۇمىنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتكەن، يەنە كېلىپ، قىزىلغا مايىل لىغ-لىغ رەختتىن كېيىۋالغان كەڭ پۇشقاقلىق شىمى شادا پاچاقلىرىغا ھەدىسە يۆگىشىپ ئاۋارە قىلغاچقا، قەدەمدە بىر يىقىلىپ، مۆدۈرەپ كېلىۋاتاتتى.

مەجىتنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە كىچىكلەۋاتقاندەك، ئەكسىچە، ئۆزى بولسا ھەدەپ يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنداق بولمىسا، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار نېمىشقا ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، قورقاۋاتامدۇ-يە؟ توغرا، ئادەملەرمۇ، دەل-دەرەخ، ئۆي-ئىمارەتلەرمۇ مەجىت يېقىنلاشقان ھامان گويا ئىگىلىپ تازىم بىرىشىۋاتىدۇ، تىترەپ ئىگىلىۋاتىدۇ، ئارقىسىغا شوخشىۋاتىدۇ...

— ۋاي سولتەك، ئا...كاكىيا...شايدۇ!

مەجىت نىمىلەرنىدۇ ۋاقىراپ، ئۇشتۇمتۇت ئىسىگە كېلىپ قالغان ناخشىلارنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن غىڭشىپ، قايچىلاشقان پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ، گاھ يولنىڭ ئۇچېتىدىن، گاھ بۇچېتىدىن مېڭىپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇ، ئۆزىگە قارشى كېلىۋاتقان ناتونۇش بىر يىگىتنى دولىسى بىلەن قېقىۋەتكەندىن كېيىن:

— ۋوي، سەمەتمۇسەن، قارىماي كېتىۋاتقىنىڭنى قارا، يۇرياشايمىز، — دېدى-دە، ئۇنىڭ دولىسىغا چاڭگال سالدى، ئەمما ئۆزىنى باشقۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى.

مەس بىلەن تەڭ بولۇشنى خالىمىغان يىگىت: «ئەدەپنى ھاراققا تىگىشكەن بىچارە» — دەپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويغىنىچە يولىغا كېتىۋەردى.

يەلەڭشىپ ئورنىدىن تۇرغان مەجىت ھېلىقى «سەمەت» نى بىردەم تىللىغاندىن كېيىن، ئۈستىۋېشى توپا ھالدا غەلىتە مېڭىشىنى داۋام ئەتتى. مەجىت ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ۋېلىسىپىتكە سوقۇلۇپ كېتەي دىگەندە ۋېلىسىپىت ئىگىسى ئەپچىللىك بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئا...كاك...تومۇرتە...خەنىمۇھوركۇ...تەلەيدۇ!...، — دىدى مەجىت ئۆزىنىڭ ئىشىدىن مەغرۇرلىنىپ، شۇچاغدا، يېقىنلا يەردە كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ سىگنالى ئۇنى ئالدىغا قاراتتى.

— ھەممىسى مەندىن قېچىۋاتسا، ماۋۇنىڭ ئۆدۈل كېلىۋاتقىنىنى، توختا، سېنى بىر ھوركىتىۋىتەي. ئۇ تېز كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگەردى؛ شوپۇر ئەپچىللىك قىلمىغان بولسا، مەجىت چاقنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ كەتكەنمۇ بولاتتى.

شوپۇر ماشىنىسىنى قاتتىق تورمۇزلاپ توختاتقاندىن كېيىن، كېپىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ بىر نىمە دىمەكچى بولۇۋىدى، ئاڭغىچە كوچا ساقچىلىرى يېتىپ كېلىپ، مەجىتنى يولنىڭ ياقىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ قاتتىق مەسلىكىنى كۆرگەن شوپۇر يولىغا كېتىۋەردى. ساقچىلار مەسكە تەربىيە بېرىشنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى ھېس قىلىپ، يولنىڭ سىرتىدىن مېڭىشىنى تاپىلاپ ئۆيىگە تىكۈزۈۋەتتى. نەچچە يەردە يىقىلىپ، يىقىلغان يېرىدە ئۇخلاپ، يەنە

(ئاخىرى 95 ـ بەتتە)

# سىرتماق

(ھېكايە)

غالىپجان راخمان (ئوقۇغۇچى)

جېنىمنىڭ قەستى شاپتۇلدا. — ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

ئۇ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز بىرسى چاقىردى:

— ئەيساجان!

ئەيساجان كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان غۇلام مۇدىرنى كوردى ۋە كەتمەننى دولىسىدىن چۈشۈرمەيلا ئالدىغا باردى.

— ھويلىمىنىڭ سېيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا ئازراق توپا توشقۇزۇپ قويۇڭلا. ھازىرلا گۈزەشتىدىن يېنىمغا چاقىرىپتىكەن، مەن ياردەملىشەلمەيدىغان ئوخشايمەن — مۇدىرنىڭ چىرايىدا ئەيساجانغا نىسبەتەن ئىلتىماس قىلىش، ئوتتۇنۇش ئالامەتلىرى ئەمەس، بەلكى، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىشلىتىشكە ھەققى باردەك ئالامەتلەر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مۇدىر ئەيساجاننىڭ خالاش-خالىماسلىقىغا قارىماي مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، ئەيساجان:

— مۇدىر، سەل تۇرۇپ توشقۇزۇۋەتسەم، ھازىرلا بىزگە سۇ ئېچىش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى، دەرھال بېرىپ سەيلەرنى سۇغۇرۇۋەتمەسەم، يەنە بىر سۇ كېلىپ بولغىچە سەيلەر......دېدى. «ئوۋ، ئەمسە شۇنداق بولسۇن» دەيدۇ. دېگەن ئىشەنچ بىلەن مۇدىرغا تىكىلگەن ئىدى.

ئەكسىنچە، مۇدىرنىڭ چىرايى بىردىنلا قارىيىپ، كوزلىرى چەكچىيىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان ئىڭەك گوشلىرى لىكىلداپ كەتتى. ئۇ شاللىنى چېچىپ:

— چوڭ ئىشقا مېڭىپسىز، ئۇلۇغ ئىشقا! — دېگەندىن كېيىن بىرقانچە قەدەم مېڭىپ يەنە كەينىگە بۇرۇلدى — بىلىپ قويۇڭ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مۇدىرلا ئەمەس. ئاتىڭىز مەن! مۇشۇنداق چاغدا ئۆيۈمنىڭ ئىشىغا پۇت-قول بولۇپ دېمەسەم، قانداق قىلاتتىم ئايدەك قىزىڭىزنى سىزگە بېرىدىم!؟ بېشىمنى سىلىغاننى بىلمەيدىغان!..

ئەيساجاننىڭ كالپۇكلىرى قىمىرلاپ كەتتىيۇ، گەپ قىلالمىدى. ئۇ كوزلىرىنى كۆچەپ ئېچىپ، مۇدىرنىڭ تومان باسقان قەلبىنى كورگەندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇ، مۇدىرنىڭ ئۆز دېگە بەرگىنى ئومۇرلۇك ھەمراھ ئەمەس، بەلكى بويىنىنى باغلاپ تۇرىدىغان سىرتماق ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى....

❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖❖

# داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ

**مۇقەددىمە:** جۇمبىل ئەۋلىيانىڭ قۇناق شېخىنى كەسلەپ قالايدىغان بىرزامانىدىكى چالما تام ئىچىگە جايلاشقان ئۇچاق مەملىكەتى قازان ئولكىسىنىڭ قاسقان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن ماتىتا خېنىمنىڭ سىڭلىسى چۈچۈرە بوۋۇم پۈتكۈل تائام پوخرالىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئەھۋاللىشىش مەقسىتىدە، بۇنىڭدىن ئۈچكۈن ئىلگىرى قوناق قوۋمىدىن بولغان مونەك توپپېشىنى مېھمان چىللاشقا ئەۋەتكەن ئىدى. تەكلىپكە بىنائەن ئەڭ ئاۋۋال توخماقچى بازىرىدىكى مىسكەر شېيخ ئاخۇنۇمنىڭ مۇبارەك قوللىرى تەككەن تۇچ ئاپتۇۋا مەخسۇم بويىنىنى غازدەك سوزغان ھالدا چىللاپچاچىلىتىسىنى كوتەرگەن پېتى سوھبەت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى-دە، مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ سەمىمىي كورۇشكەندىن كېيىن، ئەدەپ بىلەن قاپاق سوپپۇمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ئارقىدىنلا مەرھۇم ئەمبەل پادىشانىڭ چوڭ

خوتۇنى- ئەززەتلىك داستىخان ئايىمەننىڭ چوڭ قىزى لوڭگىخان ھاجىم ھەرەمدىن كەلگەچە پالەچلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئېغىرھالسىزلانغانلىقىدىن، تېزماڭالماي ھاسىراپ- ھومىدەپ، ئاران دىگەندە سۆرۈلۈپ كىرىپ كەلدى-دە، قازان ئولكىسىنىڭ ئەتىۋالىق شاھزادىسى چۈمۈچ پەھلىۋانىنىڭ، شۇنداقلا جاھان چىنە ناھىيىسىدىكى داڭقى چىققان مىراپ- قۇشۇق ئەپەنگۈچىنىڭ كايىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، چوڭ-كىچىك مېھمانلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن، ئورنىغا قايتتى. شۇ پەيتتە يۇرتنىڭ كېلىشكەن يىگىتلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر توپ پىيالە پەتنۇس تەخسىراۋاندا قاتار ئولتۇرۇپ، جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان شوخ كۈلكە سادالىرى ئىچىدە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قۇچىقىدا مىنچاي مۇئەززىن ئاخۇنۇم شاماكۇللىرىنى چىنىسىگە قىسقان پېتى ھۇزۇرلۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلار كىرىپ قارىسا، داستىخاندا توقاچ تالىپلارمۇ ئاللىقاچان سەپراس بولۇپ تۇرۇشقان ئىكەن، دەل شۇ پەيتتە قاتلىما قازاخۇنۇم سەللىسى چۇۋۇلغان، كۆڭلى پەرىشان ھالدا كىرگەن پېتى توقاچ تالىپلارنى چەتكە قېقىپ تۇرۇشىغا، خامان ۋاقتىدا توقاچ تالىپلار بىلەن تونۇشقان تاۋۇزجان قارىم بۇ ناھاقچىلىققا چىداپ تۇرالماي، مەيدانغا ئېتىلىپ چىققىنىچە قىپ-قىزىل ئىچ-باغرىنى پارە-پارە قىلىپ، دانە-دانە ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، داستىخان يۈزىنى بىرئالدى. قاتلىما قازاخۇنۇمنىڭ يېقىن ھەمسازلىرىدىن بىرى بولغان كوكچى موللام بۇ مالىمانچىلىقنى كورۇپ، غەزۋىگە پايلىماي مۇئەللەق ئەتكىنىچە مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆزىگە ئون ئىككى يەردىن پىچاق سالدى-دە، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۈچەي-قارنىنى توكۇپ تاشلىدى. داستىخان مەيدانىدىكى گۈلدۈر-گۇلۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن خەۋەر تاپقان تونۇر يىگىتلىرىدىن سامسۇ، ياپىلاقجان ۋە گوشگىردە قوپاللار ئىششىغان يۈزلىرىدە كۈلكە ئوينىغان پېتى كىرىپ كېلىشتى-دە، ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن بارىكاللا سېلىشقا باشلىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن خىجالەت بولۇپ تەڭلىكتە قالغان چۆچۈرە بوۋۇم قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، قوشۇق مىراپنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، مېھمانلاردىن ئەمدىلا ئەپۇ سوراپ تۇرۇشىغا، ھويلىدا يەنە بىرۇۋنىڭ «پوش-پوش!» دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. قارىسا، ئۇ ھەممىگە تونۇش بولغان، چاچنىڭ قىلىدەك يىسالغان، سىم چويلىدا تاسقالغان ئۇزۇن پاچاقلەغمەن تورەم گوش، ئاچچىقسۇ، قىزىلمۇچ، سامساق، پۇرچاق، بەسەي، تۇرۇپ قاتارلىق كاتتا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا ئاپقۇرچىنىگە ئولتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن جىدەلمۇ پەسىيىپ، مېھمانلارنىڭ كۆڭلى ئەمدىلا ئارامىغا چۈشكەن پەيتتە، مىزىلدەك بىر پۇراق بىلەن تەڭ ھەزرىتى شاھ سۇلتان پولوخان تورەم ئاق دەستىلىك بوز تامغۇنى قولغا ئېلىپ، جىدەل چىقارغۇچىلارغا چارە كورۇش ئۈچۈن سەۋزە ئوقيالىرىنى بەتلەپ، لەگەن پەيتۇنىدا ئولتۇرغان پېتى كىرىپ كەلدى-دە، ئەتراپتىكى جاما ئەتلەرگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئامبال راۋىقى ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. شاھ سۇلتان پولوخان تورەمنىڭ سۈرلۈك قارىشىدىن ئەيمەنگەن باشقا تائام پۇخرالىرى ئاستا چەتكە چىقىپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. توبۇقسىز ئۆزگەرگەن بۇ كەيپىياتتىن چۆچۈگەن چوچۇرە بوۋۇم، ئۆزىنىڭمۇ مەيداندا ئولتۇرالماي قېلىشىغا كوزى يېتىپ:

شۇنچىلىك ئەرزان ئىرۇركى ئالدىراپ ئەتكەن پولو،
سەۋزىنى توزدا قورۇپ ياغلارنى ئاز سەپكەن پولو.
داشقازانلارنىڭ تېگىدە ئىسلىشىپ كەتكەن پولو،
ئاشپەزى نائۇستا بولغاچ ھوشىدىن كەتكەن پولو.
چوققىسىدىن چىمدىلىپ گالغا كىرىپ ياتقان پولو....

دىگەن ئەزمىلەر بىلەن پولوخان تۆرەمنى مەسخىرە قىلىپ، كۆلكە تۇپەيلىدىن قورسىغىنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالدى. دەرغەزەپ بولغان شاھ سۇلتان پولوخان تۆرەم نومۇسىغا چىدىماي، بارئاۋازى بىلەن مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكى يەتتە ھۆكۈمنى جاكالىدى:

1- پوتكۈل تائام پۇخرالىرى بىرلىشىپ، جىندەلخور چوچۇرە بۆۋۈمنى تائاملار بىرلەشمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنى كورا قازىنىغا قاماش لازىم.

2. قاتلىما قازاخونۇمنى ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مومىن، سادىق تۇقاچ تالپىنى قازىلىققا سايلاپ، شەرىپىگە 9 كۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈلسۇن.

3. تاۋۇزجان قارىمغا يۇمۇلاق شىرەمەھەللىسىدىن ئورۇن بېرىلىپ، بىردانە قىڭغىراق تەقدىم قىلىنسۇن.

4. كوكچى موللام ئۆزىگە پىچاق سېلىۋالغىنى ئۈچۈن، قانۇن بويىچە كاللىسى قايىتىدىن ئېلىنىپ، ئۈچەي-قارنى سۇغۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۆزى 15 پارچە قىلىنسۇن.

5. پوتكۈل تائام پۇخرالىرى بىرلىشىپ، بىرلىكنى بۇزغان سامسۇيا پىلاقچان بىلەن گوشگىردە قوپاللارنى ئېغىز دەرۋازىسىدىن سولاپ، كاناي-سۇناي چىغىر يوللىرىدا قوغلاپ يۈرۈپ، ياغلىق ئۈچەي كوچىسى ئارقىلىق ئاشقازان شەھرىگە پالاپ، شەھەر تۈرمىسىدە بىر كېچە قاماپ، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن لەختە-لەختە قىلىنغان جەسەت سۈپىتىدە، خالا يۇرتىنىڭ قارا زىندانىغا مەھكۇم قىلىنسۇن. بۇھەقتە ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇرەسسە قىلىشىغا يول قويۇلمىسۇن.

6. قۇساق مەملىكىتىدە زىيارەتتە بولىۋاتقان باشقا تائام پۇخرالىرىنىڭ غالدۇر-غۇلدۇر، قاراس-قۇرۇس جىدەل چىقىرىشى قەتئىي مەنئى قىلىنسۇن.

7. بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى ئىتتىپاقلىقنى بۇزسا، تېگىشلىك جازاغا تارتىلىدۇ. بۇنىڭغا سىنچاي مۇئەززىن ئاخۇنۇم قوشۇمچە مىرشەپلىك خىزمىتىگە تەيىنلەنگەچكە، قاتتىق مەسئۇل بولىشى كېرەك. گۇۋاچىلار قىزىلمۇچ باۋجاڭ، جاڭيۇگە يجاڭ، سامساق جەجاڭ، ئاچچىقسۇكوجاڭ، بەسەيخۇيجاڭ، تۇرۇپسوجاڭ، شوخلازەنجاڭ، چەيزەپەيجاڭلاردىن ئىبارەت.

ھۆكۈمنامىنى ئاڭلاپ، مەيداندىكىلەر جىم-جىتلىققا چۆمدى. ئەمما بۇ ھۆكۈمنامىغا نارازى بولغان چوچۇرە بۆۋۈم پۇرچاق-پۇرچاق ياش تۆكۈپ، قولاقلىرىنى سالپايتقان ھالدا بىرسىلكىنىپ قوشۇق مىراپنىڭ تۇپىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تاۋۇزجان قارىمنىڭ چېچىلىپ ياتقان ئۇرۇقلىرى بىلەن مۆكۈداشقاندىن كېيىن، يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەن تۇقاچ قاراخۇنۇمدىن رۇخسەت سوراپ مەلىكە پوشكال خېنىمنى كۆشكۈرتۈپ، كوكچى مولامنى ھەمرا قىلىپ، لەغمەن تۆرەمگە ئەرز ئېيتتى. ئەرزنى ئاڭلىغان لەغمەن تۆرەم ئۆزىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى يۇپقانان خېنىمغا بۇ ئەرز-داتنى يوللاپ، داۋانى توغرا ھەل قىلىشنى بۇيرىدى. يۇپقانان خېنىم يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شاھسۇلتان پولوخان تۆرەمنىڭ پوتكۈل تائاملار بىرلەشمىسىدە يۇقۇرى ئەمەلگە ئېرىشىۋېلىپ، ناھاق ھۆكۈم چىقارغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، بۇغداي قوۋمىدىن تەركىپ تاپقان پوتكۈل غىزا پۇخرالىرىغا كۆزئىتىشارىسى قىلىش بىلەن ھەزرىتى بەدەن سوقتا پىرىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شاھسۇلتان پولوخان تۆرەمنىڭ بىردىنىسىنىمۇ قويماي، داستىخان مەيدانىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، تائاملار بىرلەشمىسىدىكى جامائەتلەرنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەرزنى ئاڭلىغان بەدەن سوقتا پىرىم تىزلىرىنى جۈپلىگەن ھالدا، قوشۇق مىراپنى ۋاقىتىنچە خىزمەتتىن

توختۇتۇپ، «خوش-خوش» دىگەن تەكەللۇپ بىلەن تەڭ تىز ھەركەتلىنىپ، شاھسۇلتان پولوخان تۆرەمنىڭ تىگىشلىك ئەدۋىنى بېرىش ئۈچۈن ئەپچىللىك بىلەن ئەزايىنى ئىشقا سېلىپ، بەش ئەسكەرگە يالاتقۇزۇپ، ئېغىز دەرۋازىسىدىن كىرگۈزۈپ، كاناي ئۆردىسى ئالدىغا ئېلىپ باردى.

لېكىن جاھىل پولوخان تۆرەم كاناي ئۆردىسىنىڭ كىكىرتەك ئىشخانىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشخانىغا كىرگىلى ئۇنىماي، تاقارشىپ تۇرۋالدى. بۇنى كۆرگەن كىكىرتەك ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، دەرھال سىنچاي مۇئەززىن ئاخۇنۇمنى قىچقارتىپ كەلدى. سىنچاي مۇئەززىن ئاخۇنۇم چاي قىلىپ كەلگەن پېتى ئېغىز دەرۋازىسىغا سۈركۈلۈپ ئۆتۈپ، «غورت» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ جاھىل پولوخان تۆرەمنىڭ گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ، كىكىرتەك ئىشخانىسىدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ، ئاشقازان شەھىرىگە پالاپ كەلدى. لېكىن پولۇخان تۆرەمنىڭ پۇت-قولى ئاشقازان شەھىرىگە سىغماي، بىر پەستىن كېيىن تاراققۇ-تۇرۇققۇ، غالدۇر-غۇلدۇر قىلغان غەيرى ئاۋاز بىلەن غەۋغا قىلىشقا باشلىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان كاناي ئۆردىسى بۇ غەۋغانى پەسەيتىش ئۈچۈن قول ئاستىدىكى قوساق خىزمەتچىلىرىگە جاھىل پولۇخان تۆرەمنى دەرھال ئاشقازان شەھىرىدىن سۈر-توقاي قىلىپ ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇقنى ئاڭلىغان پۈتكۈل قوساق خىزمەتچىلىرى بەدەن ئايمىقىنىڭ مەدەت بىردىشى ئارقىسىدا كەسكىن جەڭ ئېلىپ بېرىپ، قايتا-قايتا ئىنچىق-تولغاق بىلەن قىستاپ يۈرۈپ، جەدەل خورنى ئاشقازان شەھىرىدىن ھەيدەپ چىقىپ، تار ئۈچەي كوچىلىرىدا شىددەت بىلەن ئېچىنىشلىق سازايى قىلدۇردى.

بۇ بىر مەيدان جەڭ تامام بولغاندىن كېيىن، كوزا ۋەيرانە بىگىمنىڭ نەۋرىسى يىغلاڭغۇ شىشە قارىم ئوتتۇرىغا چىقىپ، جامائەتكە تۆۋەندىكىلەرنى ئىلتىجا قىلدى:

بۈگۈن مانتۇ خېنىمىنىڭ ئەتىۋالىق سىڭلىسى چۈچۈرە بىۋۋىمنىڭ سوھبەتكە تەكلىپ قىلىشى بىلەن تائاملار بىرلەشمىسىدە تۈزۈلگەن قانۇن-نىزام بويىچە، بۇغداي قوۋمى ئاساس قىلىنغان. پولۇخان تۆرەم ۋە باشقا قوۋملەرمۇ ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشقان ھالدا سورۇن تۈزۈلگەن ئىدى، مۇتەھەم سامسۇ ياپىلاقجان ۋە گۆشكىردە قوپاللارنىڭ، شۇنداقلا تاۋۇزجان قارىم، كۆكچى مۇللالارنىڭ ھاياسىزلىق قىلىپ يولسىزلارچە جەدەل چىقىرىشى بىلەن مېھمانلارنىڭ كۆڭلى بىئارام قىلىندى. شۇڭا بۇزۇلغان بۇ كەيپىياتنى تۈزۈش ئۈچۈن، ئاخىرقى نۆۋەتتە كۆكۈلنىڭ ھۆرمىتى، يۈرەكنىڭ غەيرىتى ئۈچۈن ھەر قايسىلىرىغا ئۆزۈندىن بويان ساقلاپ كەلگەن، كېيى-ساپانىڭ قىممىتى بولغان، دوست بولۇشنىڭ ھىممىتى بولغان خۇشپۇراق زەمزەم شەربىتىمنى قانغىچە ئىچىپ خوش كەيپ بولۇشلىرىنى سورايمەن.

شىشە قارىمنىڭ بۇ تەكلىۋى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىگە ياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەمتاخۇننى سەي قورۇشقا، سەممەتاخۇننى مەي قويۇشقا، نۇراخۇننى گەپ سېتىشقا، ئىلاخۇننى ناخشا ئېيتىشقا، مەس بولغاننى جىم يېتىشقا قارار قىلىپ، سەممەتاخۇنغا يىلىم چوڭگى شەكلىدىكى بىر جامنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، سورۇندا دۇتتار-غەجەك، گازىر-پۇچەك، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز لايىقىدا ئورۇنلىنىپ، ھەممە كىشى ئىشلىرىغا مۇئەككەل بولۇشتىلەر...

# ئەسلەيمەن مەن سېنى شاگخەيلىك يولداش

مەمەتجان

(ۋەتەن چېگرىسىنى قوغداشتا شەرەپ بىلەن يارىلانغان مەجرۇھ تىلىدىن)

كۆئېنلۇن باغرىدا تۇرىمەن شۇ تاپ،
خۇاگپۇجياڭ بويىدا خىيالىم ئۇيناپ.
ئەسلەيمەن مەن سېنى شاگخەيلىك يولداش،
قولۇمدا سەن تۇتقان ماۋتەيجۇ شاراپ.

مېھرىڭگە تەشنا بوپ سېغىنىپ سېنى،
بارغاندا ئالدىڭغا يۇرتۇمدىن ئۇزاپ.
«مەرھەبا كەل!» دېدىڭ شاگخەيلىك يولداش،
كوكسۇمگە باغىڭدىن خۇشبۇي گۇل تاقاپ.

يۈرۈگۈم ياشنىدى مېھرىڭگە قېنىپ،
كېيىدىن ساقايدىم، (كەلگەنتىم ئاقساپ).

خوشاللىق ياشلىرىم توكۇلدى شۇنچە،
تەشەككۇر ئەيلىدىم بۇلبۇلدەك سايراپ.

ئۇزاتتىڭ قولۇڭنى سىقتىم سۆيۈنۈپ،
مەن كەتتىم، سەن قالدىڭ كەينىمدىن قاراپ.
ئەسلەيمەن شاگخەيلىك قەدىردان سېنى،
مېھرىڭنى ئۇنتۇماي بىر ئۆمۈر يادلاپ.

كۆئېنلۇن باغرىدا تۇرىمەن شۇ تاپ،
خۇاگپۇجياڭ بويىدا خىيالىم ئۇيناپ.
ئەسلەيمەن مەن سېنى شاگخەيلىك دوختۇر،
ئۇلۇغۋار دەۋردە بەختىيار ياشاپ.

(بېشى 90 ـ بەتتە)

ئۇرنىدىن تۇرۇپ، مەخسەتسىز ھالدا، شەھەر كوچىلىرىنى ئالاقويماي دەسسەپ تۈگەتكەندە كەچ سائەت 10 دىن ئاشقان ئىدى.

ئۇنىڭ، ئالدا ركۆسىنىڭ ناخشىسىدەك ئايىغى چىقماي دىغان كۆيلىرى ئۇـ اخشامنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى...

ـ ئامەت!... ئۇز ئايىغى بىلەن كەلدى دىگەن شۇ! مەجىتنىڭ كوزى ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان زىلۋا بەدەن، قىزىل ياغلىق چىگىـ ۋالغان «قىز» غا چۈشكەندە شۇنداق دەۋەتتى. «كوزدىگەننى يىراقتىكىنى كورگىلى، چىراي ـ لىقىنى پەرق ئەتكىلى ياراتقاندە! سىياقىدىن قارىغاندا يۈزى ئالمىدەك، كوزى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك... چوقۇم شۇنداق!» ئۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۇزىنى يوقاتقان ھالدا قىزىل ياغلىقلىق «قىز» غا ئۇزىنى ئاتتى.

ـ چىراي لىق خېنىم...

«جاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، پىشا ـ نىسىدىن ئېتىلىپ چىققان قان مەجىتنىڭ كو ـ زىنى ئېتىۋالدى. «ھەجەپ قولى قاتتىق نىمىكە ـ نا...». ئۇ پەقەت شۇنىلا دېيىشكە ئۇلگۇرەلىدى ـ دە، سۆيى سىڭىشىپ بولاي دىگەن پاتقاق ئېرىدىق ـ قا ئۇگدىسىغا يىقىلدى.

چىكىسىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى سەل ھۇ ـ شىغا كەلتۈردى بولغاي، ـ ئۇـ ۋ... قۇشماس... لىق بولمىسۇن... ئۇر مەسىلا... مەن... مەن چاقچاق قىلـ لىپ...، ـ دەپ پىچىرلىدى مەجىت ياتقان يېرـ رىدە تىپىرلاپ.

مەجىت، يول ياقىسىدا تۇرغان، بەلگۈچى ـ رىغى بار ئالا ـ بۇلىماچ ياغاچنى «قىز» دەپ ھىسابلىغان ئىدى. ئەمما، «قىز» ھېلىھەم ئەسلىدىكى يېرىدىن قىمىرمۇقىلماي، مەجىتـ نى زاڭلىق قىلغاندەك تىك تۇراتتى...

ژورنىلىمىزنىڭ 1982 ـ يىل 1 ـ سانىغا مۇھىم تۈزىتىش

| بەت | كالۇنكا | يۇقۇرىدىن | تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 15 | 2 ـ | 8 ـ قۇر | — | تەشنا | ئاشنا |
| 64 | | | 13 ـ | بىناۋا | ھەمناۋا |

# ۋىلايىتىمىزدە مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆرگەزمىسى داۋاملىق ئېچىلماقتا

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى خوتەن يەرلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئاستىدا 1981-يىلى 5-ئۆكتەبىردىن باشلاپ مەدەنىي يادىكارلىقلار كۆرگەزمىسىنى ئاچتى.

بۇ كۆرگەزمىگە 300 خىلدىن ئارتۇق مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېپىلغان، بىر قىسمىنى ئامما تەقدىم قىلغان.

كۆرگەزمىگە قويۇلغان يادىكارلىقلار خەن سۇلالىسى (ميلادىيەدىن بۇرۇنقى يىللار) دىن چىڭ سۇلالىسى (1911-يىللار) غىچە بولغان تارىخىي دەۋرگە مەنسۇپ بولۇپ، تۈرى كۆپ، تارىخىي قىممىتى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى خېلى يۇقىرى.

كۆرگەزمىگە قويۇلغان يادىكارلىقلار ئىچىدە: غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جۇڭشەن بەگلىگىنىڭ جىڭۋاڭ بېگى لىيۇشېڭنىڭ زەرباپ قاشتېشى كېيىمىنى مۇندىن 2 مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى خوتەننىڭ يېشىل قاشتېشىدىن تاراشلاپ ياسىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ فوتوسۈرىتى؛ قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ھەرخىل بۇيۇملار؛ خوتەن خەلقىنىڭ قەدىمقى زامانلاردا قوللانغان قارۇشتى ۋە براخما يېزىقىدا يېزىلغان تارشا پۈتۈك؛ خوتەننىڭ بۇددىزم، ئىسلامىيەت دەۋرىگە ئائىت بولغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرى؛ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىشلەنگەن ھەرخىل پۇل نۇسقىلىرى؛ يىپەك، يۇڭ ۋە پاختىدىن توقۇلغان رەڭلىك رەختلەر، بۇندىن بىر مىڭ 700 يىل بۇرۇن ۋەيران بولغان نىيا قەدىمقى شەھىرى (نىران) دىن تېپىلغان يىپلە غوزىسى، گىلەم نۇسقىلىرى، پەنجە؛ ئاقسىپىل قەدىمقى شەھىرىدىن تېپىلغان پىلە قۇرتىنىڭ ساپال لايدىن ياسالغان مودېلى، يوتقان قەدىمقى شەھىرىدىن تېپىلغان ئالتۇن ئۆدەكنىڭ سۈرىتى، خوتەندە ئۆتكەن كىلاسسىك يازغۇچى شائىرلاردىن نوبىتى ۋە ئەخمەتشا قارىقاشنىڭ قولىيازما دىۋانلىرى، ئۇيغۇر كىلاسسىك مىللىي تىبابەتچىلىكىگە ئائىت قولىيازما قامۇسلىرى قاتارلىق تۇرمۇش، دېخانچىلىق، قول ھونەرۋەنچىلىك، سودا-سېتىق، ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەتئەللەر بىلەن بولغان سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھەمدە پەن، مەدەنىيەت... قاتارلىقلارغا ئائىت يادىكارلىقلار بار. بۇلارنى باتۇر، ئەمگەكچان، مەرىپەتپەرۋەر، ئىجاتكار ئەجداتلىرىمىز مۇندىن ئۈچ، تۆت مىڭ يىللار بۇرۇن كەشىپ قىلغان.

كۆرگەزمە ئېچىلغاندىن تارتىپ 1982-يىلى 15-ئاپرېلغىچە ئېكىسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ سانى 16 مىڭ 580 نەپەر ئادەم قېتىمغا يەتتى. كۆرگەزمە ھازىرمۇ داۋاملىق ئېچىلماقتا. كۆرگەزمىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ئاڭلىقلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

رەجەپ يۇسۇپ

## مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە تارىخ

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «گېزىت-ژۇرناللارغا بولغان رەھبەر-لىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆسى، مەمۇرى مەھكىمە مەدەن-نىي - مائارىپ باشقارمىسى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تەھ-رىر ھەيئەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن رەتكە سالدى ۋە تولۇقلىدى. شۇ مۇنا-سىۋەت بىلەن ژۇرنال تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى تۆۋەندىكى-چە ئېلان قىلدۇق:

باش تەھرىر: باكىر ئىسمائىل

مۇئاۋىن باش تەھرىر: مەھەممەت توختى
ئابدىرېھىم ئېلى

ھەيئەتلەر: ئىمىن راشىدىن
مامۇت زايىت
ئابدۇللا سۇلايمان
تۇنىياز يۇسۇپ
رەجەپ يۇسۇپ
سىدىق قاۋۇز
ئابدوللا مەمتىمىن
ئەبەي مىتنۇللا
ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن

كەسپىي تەھرىر: ئابدىرېھىم ئېلى، رەزى سايىت



مۇقاۋىنى-تۇردى قادىر نازىرى ئىشلىگەن.
قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسنىخەتلەرنى ئابدۇغېنى،
مەتتوختىلار تەييارلىغان.


新玉文艺（维吾尔文季刊）

1982-يىل 2-سان (ئومۇمىي 12-سان) 4-يىل نەشرى.

تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى.
ئادرېسى: خوتەن، مۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت-مائارىپ باشقارمىسى.
«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژۇرنالنىڭ ۋاكالەت نومۇرى 26-58 باھاسى 50 مۇڭ